
2016-11
新疆青年
شىنجاڭ ياشلىرى
XJTV
( ئالدىنقى يېرىم ئايلىقى )
چىپار كودنى سايىلەپ ئېلېكترون
نۇسخىسىدىن بەھرىلىنىڭ


تۇمارىس ئاممباب تاماقخانىسى
Tumaris
新疆突玛丽斯大饭店
TUMARIS HOTEL.XINJIANG
24 سائەتلىك چاي، قەھۋە، پىسا
شىنجاڭ تۇمارىس ئالىي مېھمانسارىيىمىز كەڭ خېرىدارلارغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە چاي، قەھۋە، چۈشلۈك تېز تاماقخانا، شۇنداقلا 24 سائەتلىك تاماقخانا مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى، ئاممباب باھا، تۆت يۇلتۇزلۇق ئەلا مۇلازىمەت سىزنى كۈتمەكتە!
ئالاھىدە باھا 599 يۈەنلىك توي زىياپەت ئۇستەللىرى قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!
8 يۈەندىن باشلانغان ھەرخىل چاي، قەھۋە
23 يۈەن
23 يۈەن
ئاممباب باھا
مەززىلىك تائام
ئازادە مۇھىت
زاكاز قىلىش نومۇرى: 8539699 8525555 ـ 0991
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر شىنخۇا جەنۇبىي يولى 618 ـ نومۇر

# قىزىقىشىڭىزنى پەرۋىش قىلىڭ

◉ تۇرسۇن كېرىم قارچۇق

بىر كۈنى بالدۇرلا پېنسىيەگە چىقىۋالغان خىزمەتدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— زېرىكىپ كېتىۋاتىمەن ئاداش، ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكار يۈرۈپ ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۆزۈڭ ئۇستىدە ئوبدان ئويلىنىپ باق، ئارتۇقچىلىقىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭگە ماس كېلىدىغان قىزىقىشىڭنى ھېس قىلالايسەن. ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ئەستايىدىل پەرۋىش قىل، شۇندىلا ئارام كۈنلىرىڭ يېڭى مەنىگە تولىدۇ، ۋاقىتىڭنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلغىنىڭدىن سۆيۈنىسەن، ئازادە بولۇپ قالىسەن، — دېدىم ئۇنىڭغا.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن زاۋۇت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىدە ئۇنىڭ دەرەخ يىلتىزىدىن ئويۇپ ياسىغان بۇيۇمىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

مەيلى قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىزىقىش يېتىلدۈرۈش زۆرۈر. ئۇنى كۈندىلىك پائالىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىزچىللىقا ئىگە قىلغاندا قىزىقىش ھايات مۇساپىمىزگە خۇش ھىد تارقىتىپ، ئۇنى ئاجايىپ ئېسىل مەنىلەرگە تويۇندۇرىدۇ، ئىشەنچىنى ئۇرغۇتىدۇ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات ئاتا قىلىپ، ھاياتىي كۈچىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

قىزىقىش يېتىلدۈرۈپ ئۇنى پەرۋىش قىلىش قانداقتۇر ئۇنىڭدىن زور نەتىجىلەرنى قازىنىشنى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغاش بولماستىن بەلكى تۇرمۇشنى ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىلىپ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، قەدىرلەش، ئۆزىگە كۆيۈنۈش پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەمەلىيەتتە قىزىقىشنىڭ ئۆزى بىر پىلان. ئۇنى پەرۋىش قىلىش، ئادەتكە ئايلاندۇرۇش بولسا نىشاندۇر. ئەگەر پىلانىڭىز ساغلام بولسا كۆزلىگەن نىشانىڭىزغا چوقۇم يېتەلەيسىز. ئۇ ھامان سىزنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ، مايىللىقىڭىزنى قوزغايدۇ. يەنە بىر مۇھىم ئەۋزەللىك شۇكى، ئۆزىڭىز تاللىغان قىزىقىشقا نىسبەتەن ۋۇجۇدىڭىزدا قىزغىنلىق ۋە كۈچلۈك ئىنتىلىش بار. ئۆزىڭىزنى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئىچكى دۇنيايىڭىزنى ساغلام كەيپىيات ۋە ئىلغار ئىدىيە بىلەن بېزەپ، ۋۇجۇدىڭىزدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقنى سۇسلاشتۇرماي قىزىقىشىڭىزنى پەرۋىش قىلسىڭىز ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرگە نائىل بولالايسىز. مەمنۇنلۇق، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى سىزگە ھەردائىم ھەمراھ بولىدۇ.

(ئاپتور: مايتاغ نېفىت - خىمىيە سانائىتى شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزىدە)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

www.uyghurkitap.com






# CONTENTS مۇندەرىجە


## باشلام سۆز

قىزىقىشىڭىزنى پەرۋىش قىلىڭ ........................ تۇرسۇن كېرەم قارىچۇق 1

## ياشلىق خاتىرىسى

مۇخبىرلىقتىن رىياسەتچىلىككىچە ........................ قۇتلۇق 4

## چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر

سىز قەرزدار ........................ مۇھەممەدئېلى تۇردى 7

«سىلىقلاش مېيى»نى سۈپەتلىكمۇ؟ ........................ مۇھەممەدجان مىرسال 8

ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ياخشى ئوقۇرمەن بولۇشى كېرەك .... تەلئەت قادىرى 10

## مەنىۋىيەت بۇلىقى

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ مۇكەممەل بالا تەربىيەلەش قارىشى ........................ 13

مەن مۇنداق ئائىلە ئارزۇ ئايالى ........................ ئامىنە ئەخمەت 15






نەشرىيات باشلىقى: يۈ شيۇخۋا
نەشرىيات باش مۇھەررىرى: جۇرئەت سەيپۇل
نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مىجىت تۇرسۇن




مۇقاۋىدا: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تالانتلىق دىكتورى — راملە ئەبەيدۇللا
— ئۈرۈمچى «جۇپ قول» كەسپىي سۈرەتخانىسى تارتقان


«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
新疆青年维文部编
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر گېزىت ـ ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年报刊社出版

(ئومۇمىي 618 ـ سان)

يېرىم ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال (2016 ـ 11)

نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
ئىجرائىيە باش مۇھەررىر:
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
ئەدىبە ئابلەت

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئالىم كېرىم كۆكئالىپ

مۇھەررىرلەر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى، زۇمرەت مىجىت

سۈرەت ـ تېخنىكا نازارەتچىسى:
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىر، تېخنىك رىداكتور:
تۇردىخاجىم تۇرغۇن

مەسئۇل كوررېكتور:
نۇرگۈل روزى

ئېلان بۆلۈمى مۇدىرى: ھەسەنجان ئابدۇراخمان

پوچتا نومۇرى: 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034
شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆八艺印刷厂印刷
ژۇرنال نامىنى ئابلىكىم ئەھمەت يازغان

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号): ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号): CN65 - 1029/C
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: (邮政代码) 58 - 50
پوچتا نومۇرى: (邮政编码) 830002
مۇشتەرى باھاسى: (定价/元) 8.00 يۈەن
پارچە باھاسى: (定价/元) 10.00 يۈەن


地址:乌鲁木齐市人民路 33 号瑞达国际大厦 8

## سىرداشلار سەيلگاھى

ئالتۇن ھامان ئالتۇن ............ ئابدۇقەييۇم ئېلى 19
بەدەن تىلى توغرىسىدا .......... تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈن 20
قۇلاق سىلىق: 25 ياشتا ........................ 22
ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاشنى بىلەمسىز ....... مەرھابا قاھار 24

## رەڭلەر تىلسىمى

بوللۇود ھەققىدە پاراڭلار ...... توختىياز ئىسمايىل نىدائىي 26

## ھاياتتا قىممەت، تۇرمۇشتا ھېكمەت

جەزىرىدىكى يالغۇز ئات .................. يۈ چيۈيۈ 30
چېچەك ئۈزۈشتىكى پەلسەپە ................ سۇن لىلى 31

## سېھىرلىك دۇنيا

ئۇ ناخشا ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەس ........... غازى ئوغلى 32
لەۋلىرىمدە ئاچچىق سېغىنىش ...... مۇتەللىپ مەنسۇر ئوۋچى 33
كۆز يوپۇرماقلىرى ناخشا ئېيتماقتا ........... ئۆمەر مەھمۇد 35

## يارقىن يۇلتۇز

كەچمىشلەردە ھېكمەت بار ................ پاتىگۇل ئەكبەر 36

## تۇرمۇش گېزىتى

سېمىزلىك ۋە ساغلاملىق ........... ئالىمجان قادىر شىپائى 40
تۇرمۇش گېزىتى .......................................... 43

## يىپەك ۋادىسىدىن سۆز

دارۋازلىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ... ئابدۇرىشات مۇساجان تۇغرۇل 44
كاڭشى خانىنىڭ خاتالىقى ............. يېن مورىس (ئامېرىكا) 46
قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ ئابىدىسى — كىروران ..........
.............................. غالىب بارات ئەرك 49

## ئەدەبىيات ئالىمىدە

نېمىشقا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى رەت قىلدىم ..............
.............. ژان پول سارتىرى (فرانسىيە) 52

## بىر بەتتە تۆت بەت

ېگىسى يوق بالا ... / دۇنيادىكى تۇنجى شوپۇرسىز كىرا
اپتوموبىلى ... / سۇنئىي نەپەسلەندۇرەلەيدىغان ... / مەينەت
رسلەرنى ....................................... 55

## پەلسەپە تەكچىسى

ەككۇرنىڭ قۇدرىتى ............ قۇربان مامۇت ئۇيغار 56
ئي تەربىيە توغرىسىدا ..... ئىممانوئىل كانت (گېرمانىيە) 58

## سۇبھى

ئۇمىدىكى ئاتام ................ ئۆمەرجان سىدىق 62

## خەتتاتلار مۇنبىرى

ەممەد ئەبەيدۇللا شەيقەتنىڭ خەتلىرى ............ 64







«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى بۇلاق كىتابخانىسىدىن خۇسۇسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تارقىتىلىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلار ۋە كىتابخانىلار «بۇلاق كىتابخانىسى» بىلەن ئالاقىلىشىڭ.
مۇلازىمەت تېلېفونى: 8562081، 8521633 ـ 0991

بۇلاق كىتابخانىسى ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارغا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللايدۇ.

ھەر خىل كىتابلار ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا ھەر ۋاقىت زاكاز قوبۇل قىلىمىز ھەم ئېتىبار باھادا يەتكۈزۈپ بېرىمىز.

شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرناللار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «كارخانىچى»، «ئىستۇدېنت»، «تەپەككۇر» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ توپ، پارچە سېتىش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئورنى ـ بۇلاق كىتابخانىسى.

جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى

ژۇرنىلىمىزدا ئىشلىتىلگەن ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى» نامىدىكى فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنىڭ نەشر ھوقۇقى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرناللار نەشرىياتى ۋە ئۈرۈمچى «جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسى»غا تەۋە. كۆچۈرۈپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

0991 ـ 6766123
WWW.SURATHANAM.COM

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ

www.uyghurkitap.com





◉ قۇتلۇق

# مۇخبىرلىقتىن رىياسەتچىلىككىچە

**رامىلە ئەبەيدۇللانىڭ يېقىندا ئېرىشكەن شەرەپلىرى:**

«كەنت خاتىرىسى» ناملىق پىروگراممىسى 2014 - يىللىق «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»نى باھالاشتا بىرىنچى، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر - قازاق - قىرغىز تىلىدىكى پىروگراممىلارنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشتى.

ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىگەن «داشى كەنتىدىكى ئۆزگىرىشلەر» ناملىق مەخسۇس پىروگراممىسى 2015 - يىللىق «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»نى باھالاشتا بىرىنچى، 2016 - يىللىق مەملىكەتلىك ئۇيغۇر-قازاق-قىرغىز تىلىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ئەتراپلىق ماھارەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى 2015 - يىللىق شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشتا ئىككىنچى، 2016 - يىللىق مەملىكەتلىك ئۇيغۇر-قازاق-قىرغىز تىلىدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«ئەستايىدىل ئىشلەش، خۇشال - خۇرام ياشاش كېرەك، ئىشەنچ بولغاندىلا گۈزەللىك بولىدۇ» دېگەن دانىشمەنلەرنىڭ تەلىمىنى ئۆزىگە ھايات قىبلىنامىسى قىلغان رامىلە ئەبەيدۇللا ئۈرۈمچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ 1994 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاخبارات كەسپى (ھازىر ئەدەبىيات فاكۇلتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدا، ئاخبارات كەسپى بولسا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتى بولۇپ تەشكىل قىلىندى) نى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى چاغلاردا مۇخبىرلىقتا ھەم نەق مەيدان رىياسەتچىلىكىدە كەسپداشلىرىنىڭ قايىللىقىغا، رەھبەرلىكىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەچكە ئۇزاق ئۆتمەي ئەينى چاغدىكى «شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» دا تەسىس قىلىنغان «شەنبىلىك سۆھبەت»، «گۆھەر زېمىن»، «جەمئىيەت كۆزنىكى» قاتارلىق پىروگراممىلارنىڭ مۇخبىرلىقى، نەق مەيدان رىياسەتچىلىكىنى قىلغاندىن باشقا ئېكران رىياسەتچىلىكىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ، كەسپداشلىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، ئۇ يەنە فىلىم ئىشلىگۈچىلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ ئۆزىدە كۆپ قىرلىق ئاخباراتچى بولۇش شەرتىنى ئاساسەن ھازىرلىدى.

رامىلە ئەبەيدۇللا ئۇتۇق قازانغانسېرى كەسپكە بولغان قىزغىنلىقى تولۇپ تېشىپ، تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقىغا بارلىقىنى ئاتىۋەتتى. خەۋەر ۋە پىروگراممىنىڭ تەلىپى شۇكى، يورۇتۇلماقچى بولغان ئاخبارات پاكىتىنىڭ ھەر بىر دېتالىنى سەۋرچانلىق بىلەن تېلېكامېراغا ئېلىپ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ

كۆرۈرمەنلەرگە يەتكۈزۈشنى مۇھىم شەرت قىلىدۇ. كەسپكە ئوتتەك ئىشتىياق باغلىغان راملە دەل مۇشۇ تەلەپ بويىچە تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى باشتىن كەچۈرمىسە بولمايدىغان ھەر خىل جاپا - مۇشەققەتلەرنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، خىزمەتنىڭ ھەر بىر ھالقىسىدىن ئۆزگە ھوزۇر، ئىشەنچ ئىزدىدى، ئۇچرىغان، ھېس قىلغان تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كېيىنكى خىزمىتىگە ئەينەك قىلدى.

2000 - يىللىرى تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، تېلېۋىزىيە سېپىدىكى تالانتلىقلارنىڭ رولىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، شۇ يىللاردا جەمئىيەتتە پەيدا بولۇۋاتقان تېلېۋىزىيە قىزغىنلىقىغا ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن ماسلىشىش ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بىلەن «شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 5 - قانىلى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. راملە ئەبەيدۇللا كەسپتە تېخىمۇ تاكامۇللىشىش، ئىقتىدارىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما بۆلۈمى (ھازىرقى 2 - قانال) گە يۆتكەلدى. «دەرەخ يۆتكەلسە قۇرۇيدۇ، ئادەم يۆتكەلسە كۆلىدۇ» دېگەندەك، راملە يېڭى خىزمەت ئورنىدا يېڭىچە روھ، يېڭىچە ئىرادە، يېڭىچە قىزغىنلىق بىلەن خىزمەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ جەرياندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىپايان يېزا - قىشلاقلىرى، ئەڭ چەت - ياقا تاغلىق جايلارغا نەچچە قېتىملاپ مۇخبىرلىققا باردى. تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىقى ئاز دېگەندە ئىككى ئادەم، يەنى بىر مۇخبىر ۋە بىر ئوپېراتور بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا تېلېۋىزىيە فىلمىنىڭ ماقالىسىنى يېزىش ۋە نەق مەيدان مۇخبىرلىق ۋەزىپىسىنى قىز - ئاياللار ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇخبىرلىق قىلىۋېتىپ شۇ فىلمنىڭ ئېھتىياجى ۋە شارائىت يار بەرمەيدىغان جايلاردا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەرلەر بۇنداق ئىشقا پەرۋا قىلمىغىنى بىلەن، ئاياللارغا خېلى قىيىنچىلىق ۋە قولايسىزلىق بولىدۇ. راملە قىز، ئاياللارغا خېلىلا ئېغىر كېلىدىغان ئاشۇنداق شارائىتنىڭ سىناقلىرىدىن رازىمەنلىك، خۇشاللىق بىلەن ئۆتتى. يولۇققان قىيىنچىلىقلاردىن بىرەر قېتىممۇ ۋايسىمىدى. بۇ ئۇنىڭ كەسپىدىن قانچىلىك سۆيۈنىدىغانلىقىنىڭ، قىلغان ھەر بىر ئىشىدىن ئىپتىخار ۋە رازىمەنلىككە چۆمۈلىدىغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى ئىدى.

2004 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2 - قانىلى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «مائارىپ گۈلزارى» پروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، راملەنى پروگراممىنىڭ رىياسەتچىسى ھەم فىلم ئىشلىگۈچىسى قىلىپ بېكىتتى. ھەرقانداق يېڭى ئىشنى باشلىماق ئاسان ئەمەس. راملە يېڭى پروگراممىنى ئىزغا سالغۇچە نەچچە دەم ئېلىش كۈنىنى ئىش بىلەن، نەچچە كېچىنى ئۇيقۇدىن بىدار ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ پروگراممىنى كۆرۈرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇپ، تەشكىلنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكىنىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى.

2007 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىستانسا باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ چېنىقىشقا چۈشكەن راملە ئەبەيدۇللا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگرامما لايىھەلەش، فىلم ئىشلەش، كىرىشتۈرۈشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىي خىزمەتكە تەتبىقلاپ، بايىنغولىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگرامما سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەنگەن بىر قانچە تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلمى مەملىكەتلىك «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى نادىر رادىيو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى» نى باھالاش ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «رادىيو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى» نى باھالاشتا ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، بايىنغولىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولماسلىق ئەھۋالى ئۆزگەردى. راملە بايىنغولىن ئوبلاستى تەۋەسىدىن تېمىلارنى تاللاپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا فىلم ئىشلەشنى توختىتىپ قويمىدى.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىككى ئەر مۇخبىرى بىلەن لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىن 180 كىلومېتىر يىراق تاغلىق كەنتتە 20 نەچچە يىلدىن بۇيان يالغۇز ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ فىلم ئىشلەشكە بېرىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋاتقاندا ئەتراپىنى تۇيۇقسىز قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ قارا يامغۇر يېغىپ، ئۇلار ئولتۇرغان ئاپتوموبىل كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۇرۇلۇپ كەلگەن كەلكۈننىڭ ئىچىدە قالدى. قۇم - شېغىللىق كەلكۈن ئاپتوموبىل كاپوتىدىن ھالقىشقا، ھەتتا ئاپتوموبىل ئەينىكىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. شوپۇر چىرايى تاتارغان ھالدا رولنى مەھكەم تۇتۇپ، كەلكۈن زەربىسىدە چايقىلىۋاتقان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ ماڭدى. بۇ چاغدا راملە كابىنكىنىڭ تۇتقۇچىنى مەھكەم تۇتۇپ، كالپۇكىنى چىڭ چىشلىگىنىچە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇردى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئالدى تەرەپ يورۇپ ئاپتوموبىل قۇرۇق يەرگە چىقىپ قالدى. شۇ چاغدا شوپۇر رولغا بېشىنى قويۇپ «ئۇھ» دېگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئوپېراتور تېلېكامېرانى قۇچاقلىغىنىچە ئېسىنى يىغالماي ئولتۇراتتى. راملە ئەمدى ئېسىگە كېلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلار ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، كەلگەن تەرەپكە قارىۋىدى، ھېلىقى كەلكۈندىن ئەسەرمۇ يوق، قۇملۇقتا لاي - لاتقىلىق ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئېرىقچىلا قالغانىدى.

— شوپۇرلۇق قىلىۋاتقىلى 20 يىلدىن ئاشتى، نۇرغۇن يەرلەرگە باردىم، لېكىن بۇنداق كەلكۈننى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى شوپۇر.

— ئەمدى تۈگەشتۇق، دەپ ئويلىغانـ

www.uyghurkitap.com

دىم، ــ دېدى راملە يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ.

ــ يەنە نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟ ــ دېدى ئوپېراتور يىگىت.

ــ بالامنى، ئائىلەمنى ئويلىدىم، ــ دېدى راملە ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

شۇ قېتىملىق مۇخبىرلىق راملەنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمايدۇ.

تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىقى ئادەمنى ھەر جەھەتتىن چېنىقتۇرىدىغان، سىنايدىغان، تاۋلايدىغان كەسىپ. چۈنكى تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى نەق مەيدان كۆرۈنۈشى، مۇخبىرنىڭ نەق مەيداندىكى سۆزى، زىيارەت ئوبيېكتلىرىدىن سورىغان سوئاللىرى ئارقىلىق ئاخبارات پاكىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بولغاچقا مۇخبىر ئەھۋال ۋە ماتېرىيال ئىگىلەش بىلەن بىللە، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ بەزىلىرىنى نەق مەيداندىكى ئەمەلىي ئەھۋال، شارائىتقا ئاساسەن پىلانلايدۇ، فىلىمنىڭ ئىشلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. نەق مەيداندا مۇخبىر سۆزى قىلغاندا كىيىم ـ كېچەك، تەقى ـ تۇرق، چىراي ئىپادىسى، گەپ ـ سۆزلەرنىڭ توغرا ۋە باغلىنىشلىق، راۋان بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدۇ. چۈنكى نەق مەيداندا تېلېكامېراغا ئېلىنىپ بولغان كۆرۈنۈشنى، سۆزلەرنى فىلىم كىرىشتۈرۈش جەريانىدا ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدۇ، ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە ئاسانغا توختىمايدۇ. شۇڭا تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى باشقا تاراتقۇ مۇخبىرلىرىنىڭكىگە قارىغاندا ئېغىر.

راملە ئەبەيدۇللا تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان 22 يىلدىن بۇيان پىلانلىغان، ئىشلەشكە قاتناشقان، مۇخبىرلىق قىلغان فىلىملەردىن «ئۈرۈمچى — كۈيتۇن تېز سۈرئەتلىك يولىدا قاتناش باشلاندى»، «قىممەتلىك مەرىپەت روھى»، «توغراق روھى»«كۆنچى دەرياسى بويىدىكى مىللەتلەر مېھرى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ سومكىسى نېمە ئۈچۈن ئېغىر؟»، «تۆمۈرچىنىڭ ئارزۇسى»، «قادىر بوۋاينىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» قاتارلىق ھەر خىل تېمىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىمىدىن 30 دىن كۆپرەكى مەملىكەتلىك «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى نادىر رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى» نى باھالاش، «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى» ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى» نى باھالاشتا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بويىچە «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالاندى.

راملە ئەبەيدۇللا يۇقىرىقىدەك شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولۇش بىلەن بىللە ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ھېس قىلغانلىرى، توپلىغان تەجرىبىلىرىنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ «ئاساسىي قاتلام مۇخبىرلىقى ـ تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىسىنىڭ تاۋلىنىش ئوچىقى»، «تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى پروگراممىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان بىر نەچچە نۇقتا»، «مەخسۇس پروگراممىلار رىياسەتچىلىكىنىڭ ئۇسلۇبى»، «مائارىپ خەۋەرلىرىنى قانداق ئىشلەش كېرەك» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، نەزەرىيەۋى بىلىملىرىنى كەسىپداشلىرى بىلەن ئورتاقلاشتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، راملە ئەبەيدۇللا كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپلا قالماي لاياقەتلىك ئانا، قەيسەر ئايال بولۇپ ياشىدى. كەسىپكە ھەم باشقۇرغۇچىلىققا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاخبارات تەشۋىقاتى ۋە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئىسلاھاتىغا، كېيىنچە رەھبەرلىك ساھەسىگە بارلىقىنى بېغىشلاپ ئىقتىدارلىق، ئىستىقباللىق رەھبەر بولۇش ئىستىكىدە ئىشلەۋاتقان يولدىشىنىڭ خىزمىتىنى بار كۈچى بىلەن قوللاپ، ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىككى پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيەلىدى. ئوغلى بۇ يىل جۇڭگو ئاخبارات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىكتور ـ رىياسەتچىلىك كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىزىنى بېسىشقا تەييارلاندى. ئۇنى دوستلىرى پەزىلەتلىك، چېۋەر، ئوچۇق ـ يورۇق، كەمتەر، دەپ تەرىپلىسە، خىزمەتداشلىرى تىرىشچان، كەمتەر، مەسئۇلىيەتچان، سەممىي، دەپ تەرىپلىشىدۇ. شۇڭا ھەر يىللىق باھالاشتا خىزمەتداشلىرى ئۇنى بەس ـ بەستە ماختايدۇ.

ئۇ ئائىلە ئىشلىرى، خىزمەت، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، «شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇرچە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ ئاڭلاشچانلىقى ۋە كۆرۈشچانلىقى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىدىكى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش ئىقتىدارى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى تاراتقۇلار ھەققىدىكى تەتقىقات» قاتارلىق مەملىكەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىغا قاتنىشىپ، يېتەكچى ئۇستازىنى ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

ياشلىقىنى، بارلىقىنى كەسىپكە، ئائىلىسىگە، تەتقىقاتقا بېغىشلاشقا ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەت چىقىرىپ، ئاشۇنداق مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش دېمەككە ئاسان بولغىنى بىلەن ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلىمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا، تالاي ئادەمگەرچىلىكلەردىن ۋاز كېچىشكە، ئىز دىنىشكە، ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

راملە ئەبەيدۇللا خانىم — قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ياكى خالىمايدىغان بەدەللەرنى تۆلەپ، ھازىرقىدەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن تېلېۋىزىيە مۇخبىرى، رىياسەتچى بولۇپ يېتىلدى. ھازىر ئۇ «مۇنبەت تۇپراق» پروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىلىكى ۋە «بايقاش» قاتارلىق پروگراممىلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى بەجانىدىل ئادا قىلىش بىلەن بىللە ياش كەسىپداشلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەم بېرىپ كەلمەكتە.

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

◉ مۇھەممەدئېلى تۇردى

# سىز قەرزدار

تۇرمۇش ئۆزۈن ھەم مۇرەككەپ، ئۇنى ئەخلاق - پەزىلەت مىزانى بىلەن ئۆلچىگەندە ئىنتايىن زىل. شۇڭا، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا قەدەم قويغان ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئەخلاق - پەزىلەت مىزانلىرى بىلەن مۇكەممەل قوراللاندۇرۇشى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ھەر بىر ئىنچىكە ھالقىلارغا ئەستايىدىل نەزەر سېلىپ ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشى، توغرا - خاتانى ۋە ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىشى، جامائەت مەنپەئىتى، جامائەت ئەخلاقى ۋە جامائەت ئىرادىسىگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. شۇ ۋەجىدىن ياشلىرىمىزغا مۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: سىلەر تەرەققىي قىلغان گۈزەل دەۋرىمىزنىڭ گۈللىرى ھەم ئىگىلىرى، بارلىق تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ ئالدىدا قەرزدار، ئۆزۈڭلاردىن چوڭ ياشتىكى ھەممە ئادەم ئالدىدا قەرزدار. شۇڭا، ئالدى بىلەن قەرزىڭلارنى قايتۇرۇپ مەردانىلارچە ياشاڭلار، بۇ قايغۇ - ھەسرەتسىز ياشاشنىڭ يولىدۇر.



ئۇنداقتا، ياشلار قاچان، كىمگە، نېمىگە قەرزدار بولغان؟ ياشلار بۇنىڭ نېمە قەرز، قاچانقى قەرز ۋە كىمگە قەرز ئىكەنلىكىنى ئۆز ۋىجدانىدىن سوراپلا جاۋاب تاپالايدۇ. بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ۋە كەسكىن بازار رىقابىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەممىمىز بازار رىقابىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى تەكىتلەپ، پۈتۈن دىققەتنى پۇرسەتنى تۇتۇش، شارائىت ئىگىلەش ۋە پۇل تېپىپ باي بولۇشقا قاراتقانلىقتىنمۇ قانداق نۇرغۇن ياشلىرىمىز دا ئۆزۈمچىللىك ئىدىيەسى كۈچلۈك. بۇنداق سورالغاندا مەن كىمگە، قاچان، نېمىگە قەرزدار بولغان؟ دەپ داڭ قېتىپ قېلىشى مۇمكىن. سىزگە ئېنىق بولسۇنكى، سىز جەمئىيەتكە قەرزدار، ئۆزىڭىزدىن چوڭلارغا قەرزدار. بۇنى ئادەتتە ھېس قىلالمايسىز، ئەمما ئەقىل كۆزىڭىز بىلەن قارىسىڭىز ھېس قىلالايسىز. قورساقتىكى ۋاقتىڭىزدا، بوۋاقلىق دەۋرىڭىز ۋە باللىق چاغلىرىڭىزدا كۆيۈنۈشكە، ئاسراشقا، قەدىرلەشكە قەرزدار بولغان. ئانىڭىز خىزمەت ئورنىغا ئاۋايلاپ دەسسەپ كەلگەندە قورساقتىكى سىزنى دەپ ئانىڭىزنى دەرھال ئولتۇرۇۋېلىشقا، دەم ئېلىشقا، ئۇسسۇلۇق ئېچىۋېلىشقا، ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلماسلىقىقا ئۈندىگەنلەرگە قەرزدارسىز. ئانىڭىز كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىشتا قىينالغاندا يۆلىگەنلەرگە قەرزدارسىز. ئېغىر ئاياغ ئانىڭىز ئاپتوبۇسقا چىققاندا دەرھال ئورۇن بېرىپ، سىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلەرگە قەرزدارسىز. سىز يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا يۆگەككە ئوراپ باغرىغا بېسىپ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققاندا، سىزنى دەرھال قولىدىن ئېلىپ، ئانىڭىزنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغانلارغا قەرزدارسىز. باللىق چاغلىرىڭىزدا ئاتا - ئانىڭىز ئاممىۋى سورۇنلارغا يېتىلەپ بارغاندا، كۆڭۈللۈك ئويناتقان، يول قويغان ھەم شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلەرگە قەرزدارسىز. ئاتا - ئانىڭىز سىز ئۈچۈن كۆيۈپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ياردەم قولىنى سۇنغانلارغا قەرزدارسىز. سىزنىڭ تەربىيەلىنىشىڭىز ئۈچۈن شەخسىيەتسىز تەر تۆككەن ۋە تەر تۆكۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزغا قەرزدارسىز. سىز ئۇلارغا قەرزدار، ئۆزىڭىزگە ۋە باشقىلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كەڭ قورساق بولۇپ، ئەدەپ بىلەن باشقىلارنىڭ سىزگە قىلغان غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش، ئاسراش ۋە ئىززەتلەش قەرزلىرىنى، ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا ۋە كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چىققاندا، ئەتراپىڭىزدىكى ئۆزىڭىزدىن چوڭلارغا ئەدەپ بىلەن ئورۇن بېرىش، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، زۆرۈر ياردەم بېرىش ئارقىلىق قايتۇرۇڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ قورساقلىقىڭىزغا باغلىق.

ئىقتىسادنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن جەمئىيەتنى بازار رىقابەت ئېڭى ۋە پايدا - مەنپەئەت ئېڭى قاپلاپ، ئەخلاق تەربىيەسى سۇسلاپ كەتتى، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ياشلىرىمىز دا ئۆزۈمچىللىك ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، باشقىلارغا ئازراق بولسىمۇ يول قويۇش، باشقىلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەش ئېڭى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ھازىر كۈچەپ تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىرادىمىزگە يات. بىز گۈزەللىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۆزىمىزگە مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، جەمئىيىتىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# «سىلىقلاش مېيى»ڭىز سۈپەتلىكمۇ

◉ مۇھەممەدجان مىرسال

ئاپتوموبىل ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچىسى بار كىشىلەر سىلىقلاش مېيىنىڭ ئاپتوموبىل ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلگەن سىلىقلاش مېيى سۈپەتلىك، يېتەرلىك بولسا ئۇ ئاپتوموبىلنىڭ زاپچاسلىرى ئارىسىدىكى سۈركىلىشنى ئازايتىپ ۋە ئۇلارنىڭ داتلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، زاپچاسلارنى ئاسراپ، ئاپتوموبىلنىڭ بىخەتەر يۈرۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ناۋادا ئىشلىتىلگەن سىلىقلاش مېيى سۈپەتسىز بولسا زاپچاسلاردا ئاسانلا مەسىلە كۆرۈلۈپ، ئاپتوموبىلنىڭ كاردىن چىقىشىنى تېزلىتىدۇ. ئەمما مېنىڭ بۇ ماقالىدە توختالماقچى بولغىنىم ئاپتوموبىلنىڭ سىلىقلاش مېيى ئەمەس، بەلكى ئادەم ئۈچۈن خۇددى ماشىنىنىڭ سىلىقلاش مېيىدەكلا مۇھىم بولغان ئىنسان پىسخىكىسىدىن ئىبارەت.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ساغلام پىسخىكا ئادەمگە نىسبەتەن «سۈپەتلىك سىلىقلاش مېيى»غا ئوخشايدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلگىرىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ، باشقا ھەرقانداق ئامىل ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. «سىلىقلاش مېيى» سۈپەتسىز ، يەنى پىسخىكىسى بىنورمال كىشىلەر قىلغان ئىشىدا ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ ۋە بەخت ئىچىدە تۇرۇپمۇ بەخت ھۇزۇرىنى سۈرەلمەيدۇ. پىسخىكىسى بىنورمال كىشىلەر باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ،

باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇلار ئۈچۈن زور ئازاب. پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەر باشقىلار مۇۋەپپەقىيەت قازانسا ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندەك خۇشال بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ئىلھام - مەدەت ئالىدۇ. پىسخىكىسى بىنورمال كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولمىسا، سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي ھە دېسە تەشكىلدىن، رەھبەرلەردىن، خىزمەتداشلىرىدىن ئاغرىنىدۇ، تەشكىلگە ئورۇنسىز تەلەپ قويىدۇ، غۇدۇرايدۇ. پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەر ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولمىغاندا ئوڭۇشسىزلىقنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدەپ، ئۆزىدە ساقلانغان يېتەرسىزلىك، كەمچىلىكلەرنى ماھىرلىق بىلەن تېپىپ چىقىپ ۋە تۈزىتىپ، تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا ئالدىدا كېتىۋاتقانلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىدۇ. پىسخىكىسى بىنورمال كىشىلەر ھەممە ئادەمگە، ھەممە ئىشقا گۇمان بىلەن قارايدۇ. باشقىلارغىلا ئەمەس ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي ئالاقىدە ھە دېگەندە مىخقا ئۇسۇۋالىدۇ. پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەر ھەممە ئادەمگە، ھەممە ئىشقا ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىپلا قالماي باشقىلارغىمۇ ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئىشەنچ ۋە سەمىمىيەتنى ئاساس قىلغاچقا باشقىلار بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ ئۆتەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ ھەقىقىي قوللىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

پىسخىكىسى بىنورمال كىشىلەردە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولمايدۇ. ئۇلار مەيلى قانداقلا نەتىجىگە ئېرىشسۇن پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەندەك، چوقۇم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك ھېس قىلىدۇ - دە، تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى، خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەرنىڭ قەلبى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا تولغان بولىدۇ، ئۇلار ھەر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيىتى، ھەر قېتىملىق ئىلگىرىلىشىنى تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى، خىزمەتداشلىرىنىڭ سەمىمىي ياردىمىگە باغلاپ، ئۇلارغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلەيدۇ، قەلبىدىكى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە نامايان قىلىدۇ. خىزمەت، تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىمۇ رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىپ، باشقىلاردىن كەلسە - كەلمەس ئاغرىنمايدۇ، باشقىلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيدۇ. پىسخىكىسى بىنورمال كىشىلەرنىڭ رىقابەت قارىشى توغرا بولمايدۇ، ئۇلار دائىم ئۆز ساپاسىنىڭ قانچىلىكلىكى، شەرت - شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن - يېتىلمىگەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي باشقىلار ئېرىشكەنگە مەنمۇ چوقۇم ئېرىشىشىم، باشقىلار ئالغانى مەنمۇ چوقۇم ئېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلايدۇ - دە، باشقىلار بىلەن قارىغۇلارچە بەسلىشىدۇ. باشقىلارنى كۆرەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مەنمەنچىلىك قىلىدۇ، ئولتۇرسا - قوپسا بىرەر پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ كويىدىلا بولىدۇ، ئېرىشكىنىگە شۈكرى - قانائەت قىلمايدۇ.

پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەرنىڭ رىقابەت قارىشى توغرا بولغاچقا زېھنىنى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە، ئىقتىدار - ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىپ، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، يۇقىرى ئىقتىدار - ساپا، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتنى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشنى ئىلگىرىلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى، دەپ بىلىدۇ. ئېرىشىش ۋە مەھرۇم قېلىشنى خىزمەت، تۇرمۇش داۋامىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان نورمال ئەھۋال دەپ قاراپ، ئېرىشكىنىگە شۈكرى - قانائەت قىلىدۇ. ئېرىشكەندە كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، مەھرۇم بولغاندا چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

قىسقىسى، پىسخىكىسى بىنورمال كىشىلەر ھەممە ئىشتىن قۇسۇر ئىزدەپ، ھەممە ئادەمدىن گۇمانلىنىپ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى چارچىتىدۇ ۋە ئازابلايدۇ. پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەر ناچار ئادەم، ناچار خاھىشلارغا دادىل رەددىيە بەرسە، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارغا زوقلىنىش نەزەرى ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، روھىي ھالىتىنى ياخشى تەڭشەپ، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت، مەردانە قىياپەتنى ئىزچىل ساقلاپ، غەلىبەسېرى ئىلگىرىلەپ، بەختنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ياشايدۇ.

شەخسنىڭ قانداق پىسخىكىنى شەكىللەندۈرۈشى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ياشاش مۇھىتى، مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ھاياتنى مەنىلىك، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان كىشىلەر ئاۋۋال ئۆزىدە نورمال بولغان پىسخىك ساپانى ھازىرلاش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. ساغلام بولمىغان پىسخىكا خۇددى تۆمۈرنىڭ دېتىغا ئوخشاش ئۆمۈرنى ئۇپرىتىپ تۈگىتىدۇ، شۇڭا قەدىرلىك ئوقۇرمەن بىز ھەر زامان سىزگە ساغلام بولغان پىسخىكا تىلەيمىز ، ساغلام پىسخىكىڭىز سىزنى تېخىمۇ گۈزەل ھاياتقا ئىگە قىلغۇسى!

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى ياشلار يولى 137 - نومۇر «خەلق ئارمىيەسى» گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com







# ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

# ياخشى ئوقۇرمەن بولۇشى كېرەك

◉ تەلئەت قادىرى

گېپىمنى ئەمەلىي مىسال بىلەن باشلاي. بىر قېتىم مەلۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدىم. دەرستە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى. بۇ مۇھاكىمىلىك نەسىردە ئاپتور ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېزىش ئارقىلىق تەن بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەنىدى. بۇ ئوقۇتقۇچى ياشقا چوڭراق بولۇپ، زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنالمىدى، ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆپرەك پىكىر قىلىشقا يېتەكلەشكە تىرىشتى. شۇڭا، بۇ دەرس سەللا دىققەت قىلمىسا باشقىلارغا رەڭسىز تەسىر بېرەتتى. لېكىن، دەرسنى ئاڭلاش جەريانىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش تەپەككۇرىنىڭ ئانچە تېيىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، بولۇپمۇ دەرس كۇلمىناتسىيە باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەندە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن: «ئادەتتە، ئات مىنگەن كىشى ئاتنى نېمە ئارقىلىق باشقۇرۇپ تۇرىدۇ؟» دېگەن تولىمۇ ئاددىي بىر سوئالنى سورىدى. ئوقۇغۇچىلار دەرھال «تىزگىن ئارقىلىق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئوقۇتقۇچى بۇ سوئالغا ئۇلاپلا يەنە: «ئۇنداقتا، تىزگىننى نېمىلەرگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئوقۇغۇچىلار بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن: «گۈزەل ئەدەپ ــ ئەخلاق، بىلىم، سەمىمىيلىك، راستچىللىق، ئىنساب، ياخشى پەزىلەت، ئالىيجاناب روھ...» قاتارلىقلارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ، دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىشتى. مۇشۇ سوئالدىنلا ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن بۇ ئەسەردە يېزىلمىغان (ياكى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن) «تىزگىن»دىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ۋاستىنى «قېزىپ» چىقىپ، ئەسەر مەزمۇنىنى ئەسلىدىكىدىن يەنە بىر ھەسسە كېڭەيتكەنلىكىنى، ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش جەھەتتە ھالقىش ھاسىل قىلغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرمەي تۇرالمىدىم.

دەرس مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى يورۇپ بولغان بولسىمۇ لېكىن ئوقۇتقۇچىنىڭ يەنە بىر قېتىم دەرس بايلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىشى، بۇ دەرسنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىنى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى بالداققا كۆتۈردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن: «ساۋاقداشلار، سىلەردىمۇ تىزگىن پەيدا بولغان ئەھۋال بولۇپ باققانمۇ؟ كىم تىزگىننى ئۆزىنىڭ بىرەر كەچۈرمىشىگە تەتبىقلاپ سۆزلەپ باقىدۇ؟» دەپ سورىغاندا بىر ئوغۇل ساۋاقداش بىر قېتىم ئاپتوبۇستا پۇتىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئون يۈەن پۇلنى كۆرۈپ قېلىپ دەرھال ئالماقچى بولغانلىقى، لېكىن كېيىندىنلا بۇ پۇلنى ئالسام بولمايدۇ دەپ ئالمىغانلىقى، پۇلنى ئېلىشقا يول قويمىغان نەرسىنىڭ دەل ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرغان تىزگىن، يەنى يامان ئادەم بولماسلىق ئىدىيەسى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە دەرس ئاڭلاشقا قاتناشقان ھەممەيلەن بەكمۇ ھاياجانلاندۇق. دېمەك، بۇ دەرس قارىماققا تۈرلۈك «گىرىم»لەردىن خالىي، سىيدام، رەڭسىز كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ ئەمما ئوقۇتقۇچىنىڭ مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسى، تېكىست مەزمۇنىنى ھەقىقىي «ئېچىپ» ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، ھەتتا دەرسخانىغا ئەسەردە تىلغا ئېلىنمىغان «تىزگىن»نى تولۇقلاپ ئېلىپ كىرىشىنىڭ ئۆزىلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى ئوقۇرمەنلىكىنى، ئەسەرنى ئىجادىي ئوقۇشتىكى ئىقتىدارىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىر ئوقۇرمەنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال كۆپرەك ئۇچرايدۇ: بىرىنچى، ئوقۇرمەننىڭ ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىگە ياندىشالماسلىقى، ئەسەردە ئىپادىلىگەن ئىدىيەسىنى چۈشىنەلمەسلىكى ھەتتا خاتا، بىر تەرەپلىمە چۈشىنىۋېلىشى. بۇ مەسىلىنى ئۇدۇللا چۈشەندۈرگەندە بۇ ئوقۇرمەننىڭ بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىكى ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.



ئوقۇرمەنلەر دائىرىسىنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا يۆتكىگەن ۋاقتىمىزدا ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىگە ياندىشالمايدىغان ئوقۇتقۇچىلار توپى تەشكىل قىلغان دائىرىنىڭ بىر قەدەر كەڭلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب نۇرغۇن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپ كىتاب ئوقۇماسلىقى، نوقۇل ھالدا تەييار ماتېرىياللار ئىچىگە قامىلىپ قالغانلىقىدىن بولغان. ئىككىنچى، ئوقۇرمەننىڭ ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىگە ياندىشىشى. بۇ خىل تۈركۈمدىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى نورمال ئوقۇرمەنلەر توپىنى ھاسىل قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئوقۇرمەننىڭ ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىدىن ھالقىپ كېتىشى. بۇ خىلدىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. خۇددى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى مو يەننىڭ «بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيە يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگىنىدەك (مو يەن: «بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى ئون چوڭ مۇناسىۋەت»)، ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشتە «ھالقىش» پەيدا قىلالايدىغان، ئوقۇۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كىرەلەيدىغان، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى «قۇلىقى بىلەن ئوقۇپ، كۆزى بىلەن ئاڭلايدىغان»، ۋۇجۇدى ۋە قەلبى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇتقۇچىلار ھەقىقەتەن ئاز دېيىشكە بولىدۇ. ئەسلىدە ماقالە - ئەسەرلەرنى تەنقىدىي، ئىجادىي ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن ئوقۇرمەنلا ئۆزىدە ئۈچىنچى خىل ئىقتىدارنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

بىز ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياخشى ئوقۇرمەن بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى قارىشىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە مو يەننىڭ 2006 - يىللىق شېنجېن كىتاب ئوقۇش مۇنبىرىدە سۆزلىگەن «بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى ئون چوڭ مۇناسىۋەت» تېمىسىدىكى سۆزىدە دېيىلگەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى. مو يەن ئوقۇرمەننىڭ ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئوخشاش بىر پارچە كىتابنى ئوخشىمىغان دەۋردىكى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ئوخشىمىغان ئوقۇرمەنلەر ئوقۇسا ئوخشىمىغان مەنىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئاجايىپ بىر ھېكمەتلىك بايانى بار، ئۇ ‹ قىزىل راۋاقتىكى چۈش › رومانىنى ئوقۇش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ‹ قىزىل راۋاقتىكى چۈش › رومانىنى جۇڭگودىكى نۇرغۇن ئادەملەر بىلىدۇ، ئەڭ بولمىدى دېگەندە بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ نامىنى بولسىمۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى ۋە داۋاملاشتۇرغۇچىسى كىم دېگەن سوئال ئۈستىدە توختالمىساقمۇ ئۇنىڭ تېمىسىنىڭ ئۆزىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە خىلمۇ خىل مەنىلەرنى بېرىدۇ: كۇڭزىشۇناسلار بۇ ئەسەردىن ‹قانۇنىيەت›نى، ئەخلاقشۇناسلار ‹شەھۋانىيلىق›نى، يىگىتلەر ‹مۇھەببەت›نى، ئىنقىلابچىلار ‹تەرتىپ›نى، غەيۋەتخورلار ‹ئوردا ئىچىدىكى مەخپىي› ئىشلارنى كۆرىدۇ. سىياسىيونلار بەلكىم باشقا نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشى مۇمكىن. ماۋ جۇشى بۇ ئەسەردىن سىنىپىي كۈرەشنى تېپىپ چىققان. ئوخشاش بىر كىتابقا نىسبەتەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئوخشىمىغاچقا بۇنىڭدىن ئوقۇپ ھاسىل قىلغان ئۇنۇممۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوخشاش بىر كىتابنى ئوخشاش ئوقۇرمەنلەر ئوخشىمىغان دەۋردە ئوقۇسىمۇ ئوخشىمىغان يەكۈنلەرنى چىقىرىدۇ. بىزنىڭ ياش ۋاقتىمىزدا ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›نى ئوقۇپ چىقارغان يەكۈنىمىز بىلەن قېرىغاندا ئوقۇپ چىقارغان يەكۈنىمىز ئوخشىمايدۇ. دېمەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا، سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، بىر پارچە كىتابقا بولغان قارىشىدا تەبىئىي ھالدا ئۆزگىرىش بولىدۇ.»

بىز مو يەننىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىغا يەنە قۇلاق سېلىپ باقايلى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىر پارچە كىتاب ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. كىتاب ئەسلىدىنلا ھاياتىي كۈچكە ئىگە. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، كىتابمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ياخشى دەپ تەرىپلەنگەن كىتابلار كېيىن ئەخلەتكە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئېتىبارغا ئېلىنمىغان كىتابلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ نۇرىنى چېچىشى مۇمكىن.»

«ئوقۇرمەننىڭ كىتاب ئوقۇغاندىكى تۇرمۇش قارىشى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش قارىشى بەزىدە قارىمۇ قارشى بولۇپ قالىدۇ. تۇرمۇشتا كىممۇ ‹لىن دەييۈ›گە ئوخشاش قىزلارنى كېلىن قىلىشنى خالايدۇ؟ ئەگەر كېلىن تاللاشقا توغرا كەلسە ‹شۆ باۋچەي› گە ئوخشاش قىزلارنى تاللىشىمىز مۇمكىن. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدا ‹شۆ باۋچەي›دىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژ ئىزچىل تەنقىد قىلىنىپ كەلدى، چۈنكى ئۇ قائىدە - يوسۇنلۇق. ئۇ تۆھپىكار، جيا باۋيۈنىڭ كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئېلىش، ئىلگىرىلەش ۋە ئەمەل تۇتۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ئەمما، لىن دەييۈ بەك بوشاڭ، ھامان جيا باۋيۈنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇنى كىتاب ئوقۇغۇزمايدۇ، ئالغا چامدىغىلى قويمايدۇ.





www.uyghurkitap.com



ئۇلتۇرۇپ كىتاب ئوقۇغاندا لىن دەييۇنىڭ خاراكتېرى بەك سۆيۈملۈك بىلىنسە شۇ باۋچەيىنىڭ سەل چاكىنا كۆرۈنىدۇ. بىز نىڭ رېئال تۇرمۇشتا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمىز بىلەن كىتاب ئوقۇغان چاغدىكى قارىشىمىز دا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش ۋە پەرقلەر بار. خۇددى بايا ئېيتقاندەك ئەگەر ماڭا كېلىن تاللا دېسە مەن ھەرگىز جيا جەمەتىگە ئوخشاش لىن دەييۇنى تاللاپ ئولتۇرمايمەن، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، تۇبېركۇليوز كېسىلى بار، ئەۋلاد قالدۇرالمايدۇ، مىجەزىمۇ غەلىتە، ئۇنى كىم كۆتۈرىدۇ.»

مو يەننىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر پارچە كىتاب (ياكى بىر پارچە ئەسەر)نى ئوقۇپ چۈشىنىش ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايانلىرى كىتابنى قانداق ئوقۇش جەھەتتە بىزگە بىر خىل ئىلھامبەخش ئاتا قىلىدۇ، پىكرىمىزنى ئويغىتىدۇ. شۇڭا بۇ بايانلار نوقۇل ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ھەر بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك. چۈنكى، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى مائارىپ ساھەسىدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇرمەن بولمىسا بولمايدۇ. بۇنداق دېيىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى كۆپ قىسىم تېكىستلەر دەرسلىك كىتابتا بۇرۇندىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مۇشۇنداق «كونا» تېكىستلەرنى بىر ئوقۇتقۇچى ھاياتىدا نۇرغۇن قېتىم ئۆتۈشى مۇمكىن. مۇبادا، ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى چۈشىنىشى مەڭگۈ بىر خىل تۇرىۋەرسە، يېڭىلانمىسا، ئۆزگەرمىسە ئۇنداقتا دەرس ئۆتۈش ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكىشلىك ھېسابلانمامدۇ؟ بۇنداق دېگىنىم ھەرگىزمۇ بىر پارچە ئەسەرنى ھەر قېتىم تەھلىل قىلغاندا باشقىچە تەھلىل قىلىش كېرەك دېگەنلىكىم ئەمەس، بەلكى ھەر قېتىم ئۆتكەندە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارنى «بايقاش» ئارقىلىق، شۇ ئەسەر ھەققىدىكى چۈشىنىشنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك دېگەنلىكىمدۇر. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشتە مۇشۇنداق تەھلىل قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتسا ئۇ ھالدا بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارى ئالغا باسىدۇ، بولمىسا مەڭگۈ بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر ئەسەرنى ئاپتور يېزىپ تاماملىغىنى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ ئەسەر مەڭگۈ يېزىلىپ تۇرىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، دەرسلىكتىكى نۇرغۇن ئەسەر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىدىن ئىبارەت بۇ ئوقۇرمەننىڭ نەزىرىدە، تەپەككۇرىدا ھەر قېتىم «يېڭىلىنىش»تىن ئىبارەت «سىناق»نى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ «كونىراپ كېتىش»تىن ئىبارەت قىسمەتكە دۇچار بولماسلىقى كېرەك.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئاكادېمىيەسىدە)

(ئۆركەش جاپپار فوتوسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

# ئېينشتېيننىڭ ئوغلىغا يازغان سالام خېتى

قەدىرلىكىم ئالبېرت:

تۈنۈگۈن ماڭا يازغان قىممەتلىك خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدۈم. سېنى ئەمدى ماڭا خەت يازمايدۇ دەپ تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدىم. سيۇرىختىكى ۋاقتىمدا ماڭا: «سيۇرىخقا كەلسەڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالىدىكەنمەن» دېگەنىدىڭ. مېنىڭچە، بۇمۇ ياخشى بولدى، بىز باشقا-باشقا جايدا تۇرساق، باشقىلار خاتىرجەملىكىمىزگە دەخلى قىلالمايدۇ ئەمەسمۇ. مەن يىل بويى ھەرقانچە ئالدىراش بولساممۇ بىر ئاي ۋاقىت چىقىرىپ سىلەر بىلەن بىللە تۇراي، شۇندىلا سەن ئۆزۈڭنى قىزغىن سۆيىدىغان ئاتاڭنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ قالىسەن: مەن ساڭا نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەرنى تەمىن ئېتەلەيمەن، بىراق بەزىلىرىنى ئاسانلىقچە ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ جاپالىق



خىزمەت ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىم ئاۋام ئۈچۈنلا ئەمەس يەنە ئۆز ئوغۇللىرىم ئۈچۈندۇر. يېقىندا ھاياتىمدىكى ناھايىتى ئۇلۇغ بىر خىزمەتنى تاماملىدىم، چوڭ بولغىنىڭدا بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىمەن.

سەن پىيانىنودىن خۇشاللىق تاپقىنىڭدا تولىمۇ خۇشال بولاتتىم. مېنىڭ قارىشىمدا بۇ يېشىڭ مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتاكى بۇنىڭ ئۈنۈمى مەكتەپنىڭكىدىن ياخشى. چۈنكى، پىيانىنو سەن دېمەتلىكلەرگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ، مۇئەللىم ئۆگەتمىگەن نەرسىلەرنى پىيانىنودىن ئالالايسەن. بۇ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى، چۈنكى ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنىمۇ تۇيماي قالىسەن. بەزىدە خىزمىتىمگە كىرىشىپ قالسام چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن....

تېتىپنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قوي، ئاناڭدىنمۇ ئەھۋال سوراپ قوي.

(ئىنگلىزچىدىن تەييارلىغۇچى: قۇتلۇق)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

# گېرمانىيەلىكلەرنىڭ مۇكەممەل بالا تەربىيەلەش قارىشى



## كىتاب ئوقۇش مىللەتنى كۈچلەندۈرىدۇ

گېرمانىيە دۇنيادىكى كىتابخانا ئەڭ زىچ دۆلەتلەرنىڭ بىرى. بېرلىندا 170 مىڭ كىشىگە بىر چوڭ كىتابخانا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، كىتابخانىلاردا ئولتۇرمىغانلار قالمايدۇ. ئامما سورۇنلاردا كىچىك بالىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى ئەمەس، كىتاب ئوقۇۋاتقان جىمجىت ھالەتنى كۆرىسىز. ئائىلە، مەكتەپ، ھەتتاكى جەمئىيەتمۇ بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ يەردىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: «كىتاب ئوقۇش ئەڭ رومانتىك تەربىيەلەش ئۇسۇلى، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بالا ھەرگىز يالغۇزچىلىق ھېس قىلمايدۇ.»

## مۇكەممەل ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى يېتىلدۈرۈش

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ياخشى ئادەتلىرى ئائىلە تەربىيەسىدىن كەلگەن. مەسىلەن، ئېھتىياتچان، قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەخلاقلىق. گېرمانىيەدە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئائىت يۇرۇشلۇك توپلام كىتابلارنى ناھايىتى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ، ھەممىدە گېرمانىيەلىك بالىلار بۇنداق كىتابلارنى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈپ بولغان.

## ۋەدە

«گۇدەك ۋېيىنى ھەققىدە ھېكايىلەر» بولسا ۋەدە بېرىش ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىش ۋە بۇنىڭدىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولۇشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان. بۇ كىتاب «20-ئەسىردىكى كىشىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن كىتاب»لار قاتارىغا كىرگەن بولۇپ، بالىلارنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالغان.

«ئېيتقان سۆز ئاتقان ئوق» دېگەندەك، ئادەم ۋەدە بەرگەنىكەن، چوقۇم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك. گېرمانىيەدە دوختۇر، ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چوقۇم ئالدىن دېيىشىپ قويۇش لازىم، ئەگەر ئۆزگىرىش بولسا، ئالدىن خەۋەر قىلىش كېرەك. بۇ خىل «كېلىشىم روھى» دۇنيا ئەھلىنىڭ گېرمانىيەگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.



## ھېسداشلىق

«يىغلاڭغۇ خانىم-سا» نىڭ ئاپتورى داڭلىق پسىخولوگ خايائو كاۋائى. بۇ ئەسەر كەمچىلىكى بارلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. باش قەھرىمان يىغلاڭغۇ، تارتىنچاق، ئاجىز، لېكىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ئاچىلىرى بار.

گېرمانىيەنىڭ كىتابلىرىدىكى باش قەھرىمانلاردا كەمچىلىك بار، لېكىن جۇڭگونىڭكىدە بۇنداق ئەمەس. يەنە بۇ يەردە، ياشانغانلار يىقىلىپ كەتسە چوقۇم بىرى كېلىپ ياردەم قىلىدۇ، مېيىپلارغىمۇ ھەم شۇنداق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



## ھەمكارلىق

«گۆدەك توشقان پېتىر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى» دا ئىتتىپاقلىق ۋە دوستانىلىقنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. بۇنىڭدا توشقانچاق پېتىر بىلەن دوستلىرىنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ گۈزەل ھېكايىلەر نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان بالىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

چەت ئەلگە بىلىم ئاشۇرغىلى چىققان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بېكىنمە ھالەتتە ئۆگىنىش قىلىدۇ، لېكىن گېرمانىيەلىك ئوقۇغۇچىلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىدۇ. ھېكايە ئوقۇغاندا، مۇئەللىم كىتاب ئوقۇش دوكلاتىنى بىر قانچە ئوقۇغۇچىنىڭ بىرلىكتە يېزىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىرى يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالىنى، يەنە بىرى ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى، يېزىلىش ئۇسلۇبىنى يېزىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ-دە، ئەڭ ئاخىرىدا مۇكەممەل بولغان كىتاب ئوقۇش دوكلاتىنى پۈتتۈرىدۇ.



## جامائەت ئەخلاقى

«سېھىرلىك ئاچقۇچى بار موماي» ناملىق ئەسەر باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، ئۇنىڭ ئاپتورى تېشىما يۇسۇكې. ھەر دائىم بالىلار ئۆيىنى تاپالمىغاندا ئاچقۇچ موماي سېھىر خالتىسىدىن ئاچقۇچنى تېپىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. بۇ كىتاب ياپونىيەدە 79 قېتىم بېسىلغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىققۇسىز ئەسەرگە ئايلاندى.

گېرمانىيەدە كىچىكىدىن جەمئىيەت بىلەن ئەپ ئۆتۈپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئادەم بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قار ياغقاندا قوشنىلار ئۆزلۈكىدىن قار تازىلايدۇ.



## مەسئۇل بولۇش

«نارنىيا پادىشاھلىقىدىكى سەرگۈزەشتىلەر» بالىلارغا جاسارەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىپ، بالىلار ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. باش قەھرىمان ئەپچىللىك بىلەن نارنىيا پادىشاھلىقىغا كىرىپ، پېرىخون بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، نارنىيا خەلقىنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. بۇ كىتابنىڭ دۇنيادىكى سېتىلىشى 100 مىليوندىن ئاشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قائىدە- يوسۇنلۇق، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئېھتىياتچانلىق، ئەدەپلىك، چىداملىق، مۇستەقىللىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى گېرمانىيە ئائىلە باشقۇرۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان نۇقتا.

## ئاتا- ئانىلارنىڭ ھەمراھ بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم

«ئۈمىدۋار بالىلارنى تەربىيەلەپ چىقايلى» بولسا داڭلىق پسىخولوگ مارتېن سېلىگمەننىڭ كۆپ يىللىق تەتقىقات نەتىجىسى.

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قارىشىچە، ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ھالقا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا «ئائىلە سۆھبەت كۈنى» بار. بۇ كۈنى بالىلارغا ھەمراھ بولۇشتىن سىرت، ئۇلارغا قائىدىلەرنى، ئۆي ئىشلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قارىشىدا ئەخلاق، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت، ياخشى ئادەت بولسا باشقىلاردىن ئۆرنەك ئېلىنغان ئاساستا تارايدۇ، «قانداق قىلغاندا مۇكەممەل ئادەم بولغىلى بولىدۇ» دېگەن سوئال گېرمانىيەلىكلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئائىلە تەربىيەسى دەرسلىكىدۇر.

(قەدىرىيە ئەنۋەر تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com



# مەن مۇنداق ئائىلە ئايالى

◉ ئامىنە ئەخمەت

ئۆزۈمنىڭ ئاچچىق دېمەتلىك، تۇرمۇشتا ئىسسىق – سوغۇقلارنى يەتكىچە كۆرگەن قوشنامنىڭ ئىنتايىن ئازابلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن بىر ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنىڭ ئائىلە ئايالى بولۇشنى تاللىغىنىمدىن يەنە بىر قېتىم مەمنۇنىيەت ئىلكىدە پەخىرلەندىم. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ئەر – خوتۇن ئىشلەيدىغان بۇ ئائىلىدە ئايال ئائىللىق بۇرچلىرىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنداپ بولالمىغانىكەن. دېمىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ – دە! بىر تەرەپتىن خىزمەت بېسىمى، بىر تەرەپتىن ئائىلىنىڭ بېسىمى، باللارنىڭ غەم – ئەندىشىسى، بۇلارنى چارچىتىپ مانا هازىرقىدەك ئۇماق ئىككى باللىڭ كەلگۈسى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى، باللىرىنىڭ ئىستىقبالىنى، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئايال ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى مىننەتسىز تەر تۆكۈشى كېرەك. مۇھەببەت تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. «ھەر قانداق بىر قىينچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسايىشلىق كېلىدۇ» دېگەندەك ئايال زاتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئائىلىسى ئۈچۈن، ئېرى ئۈچۈن، باللىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىنى شۇ ئۆيدىكى ئەرمۇ، باللارمۇ كۈندە كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەر قەلبىدە شۇ ئايالغا بولغان مېھىر – مۇھەببەت كۈنسايىن ئېشىپ بارىدۇ. باللاردا بولسا ئانىغا بولغان ھۆرمەت ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

مەن بىر ئائىلە ئايالى، ئەمما كۈنلىرىم شۇنچىلىك مەنىلىك ئۆتىدۇ. ئەتىگەندە سەھەر تۇرىمەن، ناشتىلىق تەييارلايمەن. يولدىشىم، باللىرىم بىلەن بىر كۈنلۈك ئىشلىرىمىز توغرىلىق بىر – بىرىمىز بىلەن پىكىرلەشكەچ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ناشتا قىلىمىز . باللىرىمنى مەكتەپكە ماڭدۇرىمەن. يولدىشىمنى ئىشقا يولغا سالىمەن. كىچىك بالام بىلەن ئۆيدە قالىمەن – دە، بىر كۈنلۈك ئىشىمنى تەرتىپلىك ھالدا باشلاپ كېتىمەن.

كۈندىلىك ئادەتتە ئايلىنىپ كەتكەن ئۆي ئىشلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن چوقۇم ئورۇنلىمسام بولمايدىغان يەنە بىر ئىشىم — كىتاب ئوقۇشنى باشلايمەن. كىچىك ئوغلۇمنىڭ توختىماي سورىغان سوئاللىرىنىڭ بىرىنىمۇ جاۋابسىز قالدۇرمايمەن. مېنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقىنىمنى كۆرگەن ئوغلۇممۇ ھېلى قەلەمنى ئېلىپ دەپتەرگە بىر نېمىلەرنى يازىدۇ، ھېلى كىتابنى ئېلىپ مەن بىلەن ئوخشاش جىمجىت كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بىرەر سائەت كىتاب كۆرىمەن. ھەش – پەش دېگۈچە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى يېتىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ. چۈشلۈك تاماقنى تۈگىتىش قىلىمەن. يولدىشىمنىڭ ئىشقا كېتىپ ئىككى سائەت ئۆتمەيلا تېلېفون ئۇرىدىغىنى ماڭا ئادەت بولۇپ كەتكەن. تېخى ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى سائەت بولغاندەك ئەمەس خۇددى بىرەر ھەپتىلىك يىراققا سەپەر قىلغاندەك قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىمىز.

ئائىلىدىن خاتىرجەم بولغان ھەر قانداق ئەرنىڭ كەسىپتە ئۇتۇق قازىنىدىغانلىقىنى ھەممە ئاياللار ئوبدان بىلىدۇ - يۇ ئەمما شۇ ئەرنىڭ ئىستائىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەرنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ، ئۆزىنىڭ ئاياللىق بۇرچلىرىنى ئادا قىلالايدىغان ئاياللار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

بىز ئايال دەپ ئاتالغان ئىكەنمىز، چوقۇم ئاياللارغا خاس ساپانى، ئۇلۇغ ئانىلىققا خاس تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. مەن توي قىلغان 15 يىل جەريانىدا يولدىشىمنىڭ بىرەر قېتىم ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغىنىنى بىلمەيمەن. بۈگۈن ئازراق ئىشىم بار ئىدى، ئاچقۇچنى ئېلىۋالامسىز دېگەن سوئالىمغا ھەر دائىم كۈلۈپ تۇرۇپ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش: «ئاچقۇچ ئېلىپ ماڭمايمەن، مەن كېلىپ ئىشىكنى چەكسەم ئۆزۈڭ ئېچىپ ئالدىمغا چىقسەن، ئۇنداق بولمىسا بۇ ئۆي قانداق ئۆيگە ئوخشايدۇ!» بەزىدە خاپا بولۇپ دومسىيىپمۇ قالىمەن: «ئەجەب دائىم شۇنداق دەيدۇ، بىرەر قېتىم ئاچقۇچ ئېلىۋالسا نېمە بولىدۇ. مەنمۇ بارغان يېرىمدىن ئالدىرىماي قايتىپ كەلسەم بولمامدۇ؟» يەنە بەزىدە ئۆزۈمگە - ئۆزۈم: «ھەي نېمە بوپتۇ، خوتۇنى بولغاندىكىن ئىشىكنى ئۆزۈم ئېچىپ، ئالدىغا كۈلۈمسىرەپ چىقسام ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشلەپ چارچىغان ھاردۇقى بىراقلا چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، بىر ئائىلە دېگەندە ئەر ئىشتىن كەلسە ئايال ئۆيدە بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ بالىلارچۇ تېخى، تەتقىقاتچىلار ‹ئەڭ ياخشى، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىشى كېرەك› دەپ تەۋسىيە قىلغان چۈشلۈك تاماقنى نەچچە ئونلىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەمىنلەيدىغان مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئائىلىدە يېسە، كەچتە مەكتەپتىن كەلسە ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۆزى ئېچىپ كىرسە، ‹كەلدىڭمۇ بالام، يولدا كەلگۈچە جاپا تارتتىڭمۇ؟› دەپ ھال سورىغىدەك دولىسىنى بېسىپ تۇرغان سومكىسىنى ئېلىپ، پېشانىسىگە ئىللىق سۆيگۈدەك ئانا بولمىسا بۇ ئۆي قانداقمۇ ئۆيگە ئوخشايدۇ؟» دەيمەن.

ئىقتىسادنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ ساندىكى ئاياللارمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلەپ بىر ئۆينىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلايدىغان بولدى. ئەمما، ئىقتىساد مەسىلىسى ھەل بولغان بىلەن مەنىۋى مېھىر - مۇھەببەت چېكىنىشكە قاراپ يول تۇتتى. ئادەمنىڭ كۈچى چەكلىك بولىدۇ، ئايال بولغۇچى كۈندۈزى نەچچە سائەتلەپ خىزمەت قىلسا، كەچتە كەلگەندە تاماق ئەتكۈدەك، ئەقەللىيسى ئېرى، بالىلىرى بىلەن چىرايلىق پاراڭلاشقۇدەك ھالى قالاتتىمۇ؟ ئەر بولغۇچىمۇ ئايالىنىڭ ھالىغا قاراپ يېگۈسى بارنى، دېگۈسى بارنى دېيەلمەيدۇ. چۈنكى، شۇ جۈپتىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا خىزمەت قىلىپ ئائىلىسىنى قامداۋاتقان تۇرسا! شۇڭا دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. تەپەككۇرى ئويغاق ئەر بولسىغۇ ئۆزىنى ھەر قانداق يامان يوللاردىن، ھەرقانداق ئېزىتقۇلارنىڭ قوللىرىدىن تارتالىشى مۇمكىن، ئەمما بىر دەملىك ھېسسىياتنىڭ چاڭگىلىدىن بۆسۈپ چىقالمايدىغان ئەرلەر قانچىلىك بار ھازىرقى جەمئىيەتتە؟ ئۆيدىن خۇشاللىق تاپالماي بارلىق خۇشاللىقنى سىرتتىن ئىزدەيدىغانلارنىڭ پاراڭلىرى ئاز ئەمەسقۇ! شۇنداق سىرتتىن خۇشاللىق ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن قايغۇلىرى بىر ئائىلىدىكى ھەممە جانلارنىڭ يۈرىكىنى قان زەردابقا تولدۇرىدۇ.

سائەتكە قاراپ تۇرۇپ تاماقنى تەييار قىلىمەن ۋە ئوغلۇم بىلەن قىزىم مەكتەپتىن كېلىشى بىلەنلا تاماقلارنى ئۈستەلگە ئېلىپ چىقىمەن، شۇنچىلىك قىزغىن كەيپىيات بىلەن تاماقلىنىمىز. چوڭ ئوغلۇمنىڭ يۇمۇرىستىك گەپلىرى، قىزىمنىڭ توختىماي مېنى ماختاشلىرى، ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرەي دېگەن ئوغلۇمنىڭ چۈچۈك تىللىرى تاماقلىنىش دەملىرىنى ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بالىلىرىمنىڭ ئامان - ئېسەن ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن كۆتۈرۈلگەن ساماۋى تىلەكلىرىم بىلەن ئارزۇ قىلىپ، ئۇلارنى يەنە مەكتەپكە يولغا سالىمەن.

كۈتۈشمۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان بىرخىل تاتلىق ھۇزۇر بېغىشلايدۇ ئادەمگە. چۈشتە كىچىك ئوغلۇمنىڭ ئادىتى بويىچە ئەللەي ناخشىسىنى ئوقۇپ، ئۇنى تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق قىلغاندىن كېيىن يەنە ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىمەن. كىتابىمنىڭ داۋامىنى ئوقۇيمەن، ئۆيلەرنى بىر قۇر رەتلەپ چىقىمەن. يولدىشىمنى كۈتۈش، بالىلىرىمنى كۈتۈش بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئائىلىدىكى ئىشلىرىمنى ئۇنتۇملۇك تاماملاپ، كەچلىك تاماققا ھەرىكەت قىلىمەن، پۇرسەت چىقىرىپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈۋالىمەن. چۈنكى، ھەرقانداق بالا ئانىسىنى، ھەرقانداق ئەركەك زاتى ئايالىنى ئەڭ گۈزەل ھالەتتە كۆرۈشنى ئويلايدۇ...

كەلگۈسىدىكى ئۈمىد چىرىغىم بولغان بالىلىرىم مەكتەپتىن كېلىدۇ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولغان ئېرىم ئىشتىن قايتىپ كېلىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ بۈگۈن بىر كۈن توختىماي ھەرىكەت قىلغان ھالىتىمدىن ئەسەرمۇ يوق، شۇنچىلىك روھلۇق بولۇپ كېتىمەن. يولدىشىمنىڭ ۋاپادارلىقىدىن، بالىلىرىمنىڭ كۆيۈمچان بولۇپ چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن ئۆزۈمنىڭ بۇ ئائىلە ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىمنى ھېس قىلىمەن.

يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر بالا ئۈچۈن ئانا دادىدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئانا قىلغاننى دادا قىلالمايدۇ، دادا قىلغاننى ئانا قىلالمايدۇ، ئەمما كىچىك بالىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى ئانا، ئانا شۇ بالىنى ئېمىتىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ جىسمىدىكى، روھىدىكى بارلىق ياخشى - يامان خۇلقلارنى بالىغا بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ

روھنى، جىسمىنى ھەر دائىم پاك تۇتۇشى لازىم.

بالىلارنى بەش - ئالتە ئايلىق بولغاندىمۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدىغانلارمۇ بار. ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن باشلاپ ھەر قانداق مۇھىتتا ئانىسىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن ئانىسى نېمىنى ئويلىسا شۇنى ھېس قىلىدىكەن، ئانىسى ئاڭلىغاننى ئاڭلايدىكەن، ئۇلار پەقەتلا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا كۆرۈشتىنلا مەھرۇم بولىدىكەن. قورساقتا شۇنداق ئىنكاسلارنى قايتۇرالىغان بىر جان بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن نېمىنى كۆرىدۇ، نېمىنى ئاڭلايدۇ، يەنە شۇ ئانىسى كۆرگەننى كۆرىدۇ، ئاڭلىغاننى ئاڭلايدۇ، ھېس قىلىدۇ، پەقەت سۆزلىمەيدۇ. دېمەك، ئۇنىڭغا ھەركۈنى كۆرگەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئاشۇ نارەسىدە جان يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىش كېرەك، ئەڭ چىرايلىق ئاۋازلارنى، ئەڭ گۈزەل ھاياتنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بولسا ئانا بولغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئايال دېگەن ئائىلىدە ئەر ئۈچۈن، كەلگۈسىنىڭ چىرىغى بولغان پەرزەنت ئۈچۈن ئائىلە ئايالى بولۇشنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشى كېرەك. بۇ دېگىنىم «بەرسەڭ يەيمەن، بەرمىسەڭ ئۆلىمەن» دەپ بىر ئائىلىنىڭ يۈكىنىڭ ھەممىسىنى ئەر بولغۇچىغا تاشلاپ قويۇڭ دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ شۇ ئائىلىدە قانچىلىك ئەھمىيەتلىك رول ئېلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماستىن توختىماي ئىزدىنىشىڭىز، چېچەنلىكىڭىز، بىلىملىكلىكىڭىز، ئەقىل - پاراستىڭىز بىلەن ئانىلىق سۆيگىنىڭىزنى نۇرلاندۇرۇشىڭىز كېرەك. مەيلى سىز خىزمەتتىكى ئايال - ئانا بولۇڭ، ۋەياكى ئائىلە ئايالى بولۇڭ، زىممىڭىزدىكى مۇقەددەس ۋەزىپە ھەرگىزمۇ ئائىلىدە شەكلەن رول ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئېرىڭىزنىڭ رازىمەنلىكى، بالىلىرىڭىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن جېنىڭىزنى پىدا قىلىشتۇر.

شۇنداق، مەن ئائىلە ئايالى! ئەمما نوقۇل يەپ - ئىچىپلا ياتىدىغان، كۆڭلىرىنى بۇرۇقتۇرمىلىق، كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان ئايال ئەمەس! تىنىمسىز تەپەككۇر قىلىدىغان، قانداق قىلغاندا ئائىلەم ئۈچۈن تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچالايمەن، دېگەننى ئېسىدىن چىقارمايدىغان ئايال!

ئەلۋەتتە، بۇ نۇقتىدا ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ھەمراھىم، ئاقىل كۆرسەتكۈچۈم، سۆيۈملۈك مۇگدىشىم — كىتابقا چەكسىز رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. چۈنكى، كىتاب مېنى ئەقىل - پاراسەت باغچىسىغا يېتەلەپ كىردى، ئايالىق - ئانىلىقنىڭ سىرلىرىنى سۆزلەپ، دىلىمغا يورۇقلۇق بەخش ئەتتى...

* * *

كىچىك ۋاقىتلىرىمدىن باشلاپ تۈرلۈك - تۈرلۈك كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى چىرايلىق تىزىلغان خەتلەرگە شۇنچىلىك قىزىقاتتىم. بىز سەككىز بالا ئىدۇق، ئاتا - ئانام شۇنچىلىك ئېجىل - ئىناق ئىدى. توققۇز - ئون ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتلىرىمدا ئانام بىلەن دادامنىڭ بىر - بىرىگە مېھرىبانلىق قىلغانلىرىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك قىزىقاتتىم. مەنمۇ چوڭ بولسام ئانامغا ئوخشاش ياخشى ئانا بولىمەن، ئېرىم بولىدۇ، بالام بولىدۇ، بالامنى ئۇنداق باقىمەن، مۇنداق باقىمەن دەپ ئانامغا سۆزلەپ بېرەتتىم، ئانام بولسا پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ «تىلىڭىز ئىجابەت بولغاي قىزىم» دەيتتى. ئۆزۈم شۇنچىلىك بەختلىك ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ھەممە ئائىلىنى ناھايىتى بەختلىكتەك، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق خاپىلىقى يوقتەك ھېس قىلاتتىم.

مەكتەپكە كىردىم، خەت يېزىشنى، ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ساۋاتىممۇ تېزلا چىقتى، ئۆزۈم قىزىققاچقىمۇ دەرسلەرنى مۇئەللىم ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۆگىنىپ ماڭاتتىم. ئۆيگە بېرىپمۇ توختىماي ئۇنى - بۇنى يازاتتىم، شۇنداق چاغلاردا دادام رەھمەتلىك «بۇ قىزىم بەك ئەقىللىق ئادەم بولىدۇ» دەپ ماختاپ كېتەتتى.

3- يىللىققا چىققاندىلا تۈرلۈك - تۈرلۈك كىتابلاردىكى خەتلەرنى ئادەملەرنىڭ يازغانلىقىنى، بىردىن - بىردىن تىزىپ چىققانلىقىنى بىلدىم. بىلدىم-يۇ شۇ يازغۇچى ئادەملەرگە تېخىمۇ قىزىقىدىغان بولدۇم، ھۆرمىتىم ئاشتى. بىزنىڭ ئۆيدە ئانام ساۋاتسىز، دادام چالا ساۋات ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ھاياتتا قانداق ياشاشنى بىزگە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى بىلدۈرگەنىدى. بالىلارنىڭ رايىغا باقاتتى، نېمە قىلىمەن دېسە، قىلىدىغان ئىشلىرى ھاياتلىققا توغرا كەلسىلا ئالدىنى توسمايتتى. قولىدىن كېلىشىچە شارائىت يارىتىپ بېرەتتى.

ھېيت - ئايەم كۈنلىرى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلگەندە ئۇنىڭ بىر ئۆيدە 20 - 30 پارچە كىتاب تىزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ ھامان كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىدىكى كىتاب ئىسىملىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم، بۇنىڭغا دادامنىڭ مەستلىكى كېلىپ «سەنمۇ چوڭ بولغاندا شۇنداق يازغۇچى بولامسەن تېخى» دېدى. مەن دادامغا قاراپ پىسىگىدە كۈلۈپ قويدۇم. ئەمما قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن پارلاپ چىقىۋاتقان چۇقانلارغا قۇلاق سالماي تۇرالمىدىم. «ھەي، مەنمۇ چوڭ بولسام يازغۇچى ئېرىم بولسا، مەنمۇ يازسام، ئۇمۇ يازسا مەن ئۇنىڭغا كۆرسەتسەم، ئۇ ماڭا كۆرسەتسە! ئۇنىڭ تۇنجى ئوقۇرمەنى مەن بولسام، ئۆيۈم لىق كىتاب بىلەن تولغان بولسا، دائىم كىتاب كۆرسەم، باشقىلارنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بەختلىك بولۇپ ياخشى ئايال، مەسئۇلىيەتچان ئانا، كۆيۈمچان خوتۇن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!»

كىتابلارنىڭ مۇقاۋىلىرىدىكى ئىسىملىرىنى ئوقۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر لەززەت بېغىشلايتتى ماڭا. مانا «ھەممىدىن نىيەت ئەلا» دېگەن گەپنىڭ راستلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىۋاتىمەن، ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. راستىنلا يازغۇچى بىلەن توي قىلدىم، ئانىمۇ

www.uyghurkitap.com



بولدۇم، ئۆيلىرىمىنىڭ قاياققا قارىماي كۆزۈمگە كۆرۈنىدىغىنى كىتاب. ياتاق ئۆيۈمدە ئۇخلىغاندىمۇ كىتاب كۆرۈپ كۆزۈم يۇمۇلسا ئويغانغان ۋاقتىمدىمۇ بىرىنچى قېتىم كۆزۈم بىلەن ئۇچرىشىدىغىنى يەنىلا كىتاب. بەزىدە: «توۋا تەقدىر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. ئادەملەرنىڭ ئويلىغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما مەن ئەنە شۇنداق ھەدىيەگە ئىگە بولغۇچى» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزەتتىم.

يېقىنلىرىمنىڭ ماڭا ھەۋەس قىلىپ «سىز ھېچقانداق جاپا تارتىپ باقمىدىڭىز، شۇڭا جاپا دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز، سىز بەك بەختلىك» دەپ ماختاشلىرىنى بىر قۇلىقىمنى ئېتىپ تۇرۇپ ئاڭلايمەن. چۈنكى يېڭى تۇرمۇش قۇرغان ھەرقانداق قىز - يىگىت ھېچقانداق جاپا تارتمايلا بىر ئۆينى شۇنچىلىك ياخشى جۆندەپ كېتىشى ناتايىن. ئەلۋەتتە جاپا تارتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جاپاغا بولغان كۆز قارىشى ئوخشىمىغانلىقتىن پىكىرلىرى بىر يەردىن چىقماي توي قىلىپ بىر - ئىككى باللىق بولغاندىن كېيىن باللارنى بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىغا تاشلاپ ئايرىلىپ كېتىشىدىغانلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەن بۇنداق تۇمانلىق خىياللاردىن خالىي.

مەنمۇ شۇنچىلىك ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن يولدىشىم بىلەن ئۈچ يىل ئۇ بىر قەدەم ئالسا مەن بىر قەدەم ئېلىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى تەڭ قىلدىم، ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ يولدىشىمنىڭ «سەن دېگەن ئايال كىشى، بۇ ئىشلارنى قىلالمايسەن، مەن قىلىۋېتىمەن» دېگىنىگە ئۇنىماي ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قىلدىم. ئەمما، بىرەر قېتىم ئۇنىڭغا بۇ «ساڭا تەگكىنىمنىڭ جازاسى» دەپ دادلاپ باقمىدىم، ھەممىنى تەقدىر - پېشانە دەپ ئويلاپ بۇ كۈنلەرنىڭ تېز رەك ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلىدىم، ئازراق بەرداشلىق بەرگەندىم، مانا ئەمدى باشقىلارنىڭ ھەۋىسى كەلگىدەك ئادەمنىڭ ئايالى، ئوماق پەرزەنتلىرىمنىڭ ئانىسى بولدۇم. ھازىر ياخشى خوتۇن، مەسئۇلىيەتچان ئانا بولۇش ئۈچۈن توختىماي ئىز دىنىۋاتىمەن.

ئۆزۈم ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال بولساممۇ مەقسەت - نىشانىم روشەن، قەلبىم ئارزۇ - ئۈمىدلەرگە تولغان، ئايالىلىق بۇرچ، كېلىنلىك مەجبۇرىيەت، ئانىلىق مەسئۇلىيەت تۇغرىسىدىكى ئىدىيەلەر ماڭا پاك قەلب، سەگەك كاللا بىلەن ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى پىكىرلەرنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

يولدىشىمغىمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن، باللىرىمغا ھەقىقىي ئادەم بولۇش بىلىملىرىنى ئۆگىتىمەن، ئۆيدە بىردەم جىم تۇرمايمەن، شۇ ئارقىلىق ھەر كۈنۈمنى شۇنچىلىك تېز كەچ قىلىمەن، ھەقىقىي ئاياللىقىمنى جارى قىلدۇرالىغانلىقىمدىن ئۆز - ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىپ قالىمەن. «ئاياللار بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرەتسە، بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرىتىدۇ» دېگەن گەپنىڭ مەناسىغا ھەقىقىي تويۇنىمەن.

يەڭگىللى بولمايدىغان جاپا - مۇشەققەت، بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان ئازاب - ئوقۇبەت بولمايدۇ جاھاندا، ھەممىسى شۇ ئادەمنىڭ ئىدىيەسىگە باغلىقتۇر.

قاچانكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال مېنىڭ سىرتتا خىزمىتىم يوق، ئېرىمنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ، باللىرىمنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ، كۈنۈمنى ئۆتكۈزسەم بولىدۇ دەپ ئويلايدىكەن، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ ئۆينىڭ ئۇلى بوشىغان بولىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە بىز ئانىلار ساپايىمىزنى ئۆستۈرمىسەك كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدلىرى بولغان باللىرىمىز بىر ئۈچۈم شاكالغا ئايلىنىدۇ، خالاس. ئايال كىشى دېگەن نىيەت قىلسىلا سوزۇلۇپ يېتىشقا كۈندە يېرىم سائەت بوش ۋاقىت چىقمايدۇ. بىر ئائىلىدە ئايال كىشى ئۈچۈن ھەركۈنى ئوخشاش بىلىنىدىغان، ئەمما قىلمىسا بولمايدىغان، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، بىراق ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈزىدىغان ئۆي ئىشلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنچىلىك ئالدىراشچىلىقتىن يەنە باللىرىنىڭ كەلگۈسى، ئىستىقبالى ئۈچۈن، ئېرىنىڭ ساپالىق ئايالى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. ئۆزىنىڭ شۇ ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولغان يولدىشىنى قايىل قىلغۇدەك نىشان - مەقسەتلىرى بولۇشى كېرەك.

مەندە مۇشۇنداق ھەرخىل ئارزۇ - تىلەكلەر جەملەنگەن. باللىرىمنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئانا دېسە يۈرىكى تىترىگىدەك ياخشى ئانا بولۇش مەقسىتىدە ئۆي ئىشلىرىدىن بوشىغان ۋاقىتلىرىمدا كىتاب كۆرىمەن، مەنىۋىيىتىمنى بېيىتىشقا ئۇرۇنىمەن. ھەممە ئايال ئانا بولالىشى مۇمكىن، لېكىن بىر قولىدا دۇنيانى، يەنە بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرىتەلەيدىغان ئانا بولۇش ئاسان ئەمەس. كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ئانام سەۋەبلىك، دادام سەۋەبلىك شۇنداق ياخشى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۈم دەپ ئاتا - ئانىسىدىن پەخىرلىنىدىغان باللارنى تەربىيىلەيدىغان ئانىلار، دادىلاردىن بولماق كېرەك.

شۇڭا ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئايال ئەڭ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى، ئارزۇ - نىشانىنى، مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەمەلىيىتى، ھەرىكىتى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، قولۇم - قوشنىلىرىغا تەسىر قىلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن توختىماي ئىز دىنىشى لازىم. شۇنداق ئىز دىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ھەممە ئاياللارغا نېسىپ بولغاي!

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com






تۇرمۇش بەئەينى بىر قاينام. بۇ قايىنامدا تاشمۇ، قۇممۇ، لاي ـ لاتقىلارمۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارمۇ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئالتۇن-كۈمۈشلەر لاي ـ لاتقىلار ئاستىدا قېلىشى مۇمكىن. بىراق، شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، ئالتۇن ھامان پارقىراپ ئۇنى بايقايدىغانلار بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە ئەلا ئوقۇغان بىر ياش بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىقىشى كەڭ ئىدى، ئۆزىنى ھەر جەھەتتە تەڭ يېتىلگەن دەپ قارايتتى. بىراق، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالمىغان، كۆپ قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچراپ چۈشكۈنلەشكەن، تالانتىمنى جارى قىلدۇرىدىغان جاي تاپالمىدىم دەپ جەمئىيەتتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن. ئاتا ـ ئانىسى بىر ئۆمۈر تاپقان ـ تەرگىنى بىلەن ئۇنى ئوقۇتقانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرالمايلا قالماستىن بەلكى يەنە ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىپ قالغان. بۇ ھالەت ئۇنى قاتتىق ئازابلىغان، ئۇ ھەسرەت ئىچىدە ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغان.

ئۇ دېڭىزغا سەكرىگەن چاغدا بىر بېلىقچى بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ تور تاشلاپ ئۇنى دېڭىزدىن سۈزۈۋالغان. بېلىقچى بوۋاي ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقىنى، ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت-نەزىرىنى تاشلىمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكىلەرگە قارىغۇدەك يۈزى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى.



بېلىقچى بوۋاي ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئايىغى ئاستىدىن بىر تال قۇمنى ئېلىپ ياشقا كۆرسەتتى، ئاندىن بۇ قۇمنى يەنە ساھىلغا تاشلىۋېتىپ، ياشقا:

— مەن بايا يەرگە تاشلىۋەتكەن قۇمنى تېپىپ چىققىن، — دېدى.

— بۇ .... مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ياش.

بېلىقچى گەپ قىلماي يانچۇقىدىن بىر پارقىراپ تۇرىدىغان مەرۋايىتنى ئالدى، ياش ئۇنى كۆرۈپ بولغىچە ساھىلغا تاشلىۋەتتى، ئاندىن:

— ئەمدى بۇ مەرۋايىتنى تاپالامسەن ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە تاپالايمەن .

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى قۇم بەك كۆپ، سىز بايا تاشلىۋەتكەن قۇمنى ئايرىپ تېپىش مۇمكىن ئەمەس، مەرۋايىت پەقەت بىرلا ھەم كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە ئاسان تاپقىلى بولىدۇ-دە.

— توغرا، يىگىت. سەن ھازىر تېخى بىر مەرۋايىت ئەمەس، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيسەن. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمەكچى بولساڭ سەن بىر مەرۋايىتقا ئايلىنىشىڭ كېرەك .

شۇنداق، ئەتراپىمىزدا مۇشۇ ياشقا ئوخشاش «مېنىڭ شۇنچە قابىلىيىتىم تۇرسا مېنى ھېچكىم بايقىمىدى، مەن داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسەممۇ ئۇنى كۆرمىدى»، دەپ قاراپ ئاللىكىملەردىن قاقشاپ، زارلاپ يۈرىدىغان ياشلىرىمىز يوق ئەمەس. بىراق، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىشنىڭ ئەمدىلا باشلىنىشى، سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان نۇرغۇن نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى جەمئىيەتتە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشىڭىز ، تەجرىبە توپلىشىڭىزغا مەلۇم بىر جەريان كېتىدۇ .

ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلماي تۇرۇپ ئۆزگىلەردىن، جەمئىيەتتىن ئاغرىنىش توغرا ئەمەس. دۇنيا ئۆزىڭىزنى ياخشى دەپ قاراشتىن بۇرۇن مەلۇم نەتىجىگە ئىگە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ ھەقتە دانالىرىمىز شۇنداق دەيدۇ: «يانچۇقىغا بىر قوتا ئەتىر سېلىۋالغان ئادەم (ھەي، كۆپچىلىك يانچۇقۇمدا قىممەت باھالىق، ئاجايىپ پۇراقلىق بىر قوتا ئەتىر بار) دەپ داۋراڭ سالمىسىمۇ، ئۇنىڭ خۇشپۇرىقى ھەممىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.» شۇڭا، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىدىكى كىبىرنى تاشلاپ، بىر ھۈنەر-تېخنىكا ئۆگىنىشى، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىپ ئۆزىگە ئەمەلىي كۈچ توپلاپ ئۆزىنى چاقناپ تۇرىدىغان بىر مەرۋايىتقا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. شۇندىلا ئۇنى ھەممە تونۇيدۇ، چىن قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىدۇ .

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى ئېلخەت: 1448746602@qq.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بەدەن تىلى توغرىسىدا

◉ تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈن

ئادەتتە سۆزلىگۈچى بىلەن تىڭشىغۇچى بىر - بىرىنىڭ چىراي ئىپادىسى، بەدەن قىياپىتى، قول ئىشارىسى، باش ھەرىكىتى، كۆز، قاش قاتارلىق ئەزالار ئارقىلىقمۇ پىكىرلىشىدۇ، ئۇچۇر، ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ. ئايرىم ھاللاردا بۇنداق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى تىل ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتىن ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇنداق ئۈنسىز ئامىللار ئادەتتە بەدەن تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

كىشىلىك ئالاقە گەپ - سۆزسىز بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىدە گەپ - سۆز ئارقىلىق پىكىر، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئالاقىدىكى مۇھىم ئامىل، شۇنىڭ بىلەن «ئاۋازسىز تىل»(ئىشارەت) ئارقىلىقمۇ ھېسسىياتنى، پوزىتسىيەنى ئىپادىلەپ كىشىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدا كۆزنىڭ ھېسسىيات، قىياپەتنى ئىپادىلەشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئادەم ياكى شەيئىلەرگە تۈز قاراش سۈرلۈكلۈكنى؛ سىڭارىيان قاراش يەڭگىللىكنى؛ كۆزنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئۈنسىز جىمجىت قاراش پىكىر قىلىۋاتقانلىقنى؛ ئالىيىپ قاراش ئارقىلىق نەپرەتلەنگەنلىكنى... ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. كۆزنىڭ ئېچىلىپ - يۇمۇلۇشى، كۆز نۇرىنىڭ تىكلىنىشى، قاش - كىرپىك، قاپاقلارنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرى چوڭقۇر مەنە، ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا كۆزنى «كۆڭۈلنىڭ



ئېكرانى» دېيىشكە بولىدۇ.

رېئال مۇھىت كىشىلەر ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە ھەتتا بىر خىل ھېسسىياتنى كىشىلەر ئۆزىمۇ تۇيماي قالىدۇ ۋە ئۇنى تىز گىنلەپمۇ ئالالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇش، ياكى قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ھالىتىنى بەدەن تىلى بىلەن ئىپادىلەشتە تەبىئىي ۋە يېقىشلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت - ئىشارىلىرىمىز يېقىملىق بولۇشى، قىياپەت بىلەن ھەرىكەت ماسلاشقان بولۇشى، بىر دەك قارشى تەرەپنىڭ روھىي ھالىتى، ھېسسىياتىغا ماسلىشىشى، تىڭشىغۇچىلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئىپادىلەنگەن مەنە كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالايدۇ.

كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلىدە ئىپادىلەنگەن زېرىكىش، غەزەپلىنىش، نەپرەتلىنىش، قايغۇرۇش، خۇشاللىنىش قاتارلىق ھەرخىل مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىياتلىرى ۋە ئۆزگىرىشچان كۆز ھەرىكىتى شۇ كىشىنىڭ چىراي قىياپىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن سىرت، قارشى تەرەپنىڭ چىراي ھالىتىدىمۇ مۇشۇ خىل ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. قاشنىڭ خەۋەرنى ئىپادىلەش سېزىمچانلىقى نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. قاشنىڭ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە، كۆزگە ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئىشارەت تۈرىمۇ كۆپ، ئومۇمەن كىشىلەر خۇشال بولغاندا كۆزنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلىدۇ، ئىچى پۇشقاندا قېشىنى پۈرلەشتۈرۈپ بىلەن قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالىدۇ، ياكى كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، نەپرەتلەنگەندە كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ھومىيىدۇ...

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يۈزىگىزدىكى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەت ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق خۇشاللىقنى، چىشىنى چىشلەش ئارقىلىق ئازاب - ئاغرىقنى، ئېغىزنىڭ چوڭ ئېچىلىشى ھاڭ - تاڭ قالغانلىقنى، بۇرۇن تۆشۈكىڭىزنىڭ كېڭىيىشى ئارقىلىق ھاياجانلانغانلىقنى، لېۋىنى چىشلەش ئارقىلىق ئىچكى ئازابىنى، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش ئارقىلىق ھەيرانلىقنى، چوڭقۇر نەپەس ئېلىش ئارقىلىق كۆڭلىنىڭ ئەمىن تاپقانلىقنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

قول ھەرىكىتىنىڭ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى رولى، شەكلى تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپ. مەسىلەن، ساقالنى سىلاش بىرەر ئىشتا رازىمەنلىكنى ياكى خۇشاللىقنى، باشنى ياكى گەدەننى قاشلاش چىگىش مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكنى ياكى بىرەر ئىشتا چارە ئىز دەۋاتقانلىقنى، مەيدىسىگە مۇشتلاش قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكنى، ئالىقانى كۆكسىگە قويۇش ئارقىلىق ھۆرمەتنى، قول شىلتىش ئارقىلىق نارازىلىقنى، قولنى پۇلاڭلىتىش ئارقىلىق خوشلىشىشنى، قول سوزۇش ئارقىلىق موھتاجلىقنى، قولنى يوشۇرۇۋېلىش ئارقىلىق بىرەر نەرسىنى تاپشۇرغىلى ئۇنىماسلىقنى، باش بارماقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، قوشۇلۇش ياكى غەلىبىنى، كۆرسەتكۈچ بارماقنى قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە تەڭلەش ئارقىلىق قەتئىي بولدى قىلمايدىغانلىقنى ۋە كۈچلۈك غەزەپنى، چىمچىلاق بارمىقنى كۆرسىتىش ئارقىلىق مەگسىتمەسلىكنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

قول ۋە بارماقنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئارقىلىق بىرەر ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، قول ھەرىكىتىنىڭ ئۆز لايىقىدا بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر قول ھەرىكىتى مۇۋاپىق بولمىغاندا كىشىلىك ئالاقىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. ھەتتا ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدۇ. كىشىلىك ئالاقىدە سىلىق - سىپايە، مەزمۇنلۇق قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتەك ياخشى خىسلەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن بەدەن تىلى روھىي ھالەت، ھېسسىياتىغا تېخىمۇ ماسلىشىشى لازىم.

ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق قارشى تەرەپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا شۇ ۋاقىتتىكى تىلسىز پىكىرلىشىش مۇھىتىغا، تىلسىز سۆزلىگۈچىنىڭ قىياپىتى، سىرتقى بەدەن سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئومۇمىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ تېخىمۇ مۇكەممەل، توغرا ئۈچۈرغا ئېرىشىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. ئەگەر سىز ئاۋازسىز تىل شارائىتىدىكى ئۇچىنچى تەرەپ بولسىڭىز، ئۆزىڭىز تۇرغان تىل شارائىتىدا قالغان ئىككى تەرەپنىڭ ئىما - ئىشارەت، ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن كۆز قارىشىدىكى ئورتاقلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىڭىز كېرەك. زورمۇزور ئارىغا قىستۇرۇلۇۋالسىڭىز، مۇھىم نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىسىز.

ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى ياكى سۆھبىتى ئاۋازلىق ياكى ئاۋازسىز تىلدىن ئىبارەت ئىككى قىسمدىن تەركىب تاپقان ئىپادىلىنىش شەكلى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، سۆزگە ياردەمچى بولغان قاش - كۆز ھەرىكىتى، قول ھەرىكىتى، چىراي ۋە بەدەن قىياپەت ھەرىكەتلىرىنى توغرا ئىگىلىشىمىز ۋە توغرا ئىشلىتىشىمىز لازىم. بۇ ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن دوستانە كەيپىياتتا خۇشال - خۇرام ياشىشىمىزدا، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىزدە، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىمىزنى ئاشۇرۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: گۇما ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

www.uyghurkitap.com





# قۇلاق سېلىڭ: 25 يېشىڭىزدا

25 ياش ھاياتنىڭ ئالاھىدە نۇقتىسى، بۇ چاغدا سىز پۈتۈنلەي قۇرامىغا يەتكەن ئادەمگە ئايلاندىڭىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكى، قانداق تۇرمۇشنى كەچۈرىدىغانلىقىڭىز ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشنى باشلىشىڭىز كېرەك. 30 ياشقا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن سىز تۆۋەندىكى سەككىز ئىشنى ئەستە ساقلىشىڭىز لازىم:

## ھازىرقىغا قانائەت قىلماڭ، سىز بۇنىڭدىنمۇ كۆپكە ئىگە بولۇشقا لايىق

ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم دەرس دەل ھەربىر ئادەمنىڭ بەختى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئىنتىلىدىغان پۇرسىتىنىڭ بولغانلىقىدۇر. ھەرگىز ئۆزىڭىزنى باشقىلار ئىگە بولغان ئاساسىي ھوقۇققا ئىگە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس دەپ كەمسىتمەڭ. سىز باشقىلاردەكلا مۇنەۋۋەر. ئەگەر تۇرمۇشتىن كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ھەرگىز كۆز ئالدىڭىزدىكى خىزمەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەم تەجرىبىلەرگە قانائەت قىلماڭ.

## ئەگەر مەلۇم مۇناسىۋەت سىزنى خۇشال قىلالمىسا ۋاقتىدا قول ئۈزۈڭ

بەزىدە مەلۇم بىر مۇناسىۋەت كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، يەنىلا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە بۇ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالىمىز. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ يا ئېنىق زىيىنى (مەسىلەن، ئائىلە زوراۋانلىقىغا تاقىشىدىغان) بولىدۇ، ياكى ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن كۆڭۈلگە ئازار بېرىدۇ (مەسىلەن، ھەمراھىڭىز سىرتقا چىقىشنى ياقتۇرمايدىغان ياكى سىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزغا قىزىقمايدىغان). ئەگەر سىز ھەقىقىي كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرمەكچى، بۇ خىل مۇناسىۋەتتىن قۇتۇلۇپ ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان ئادەمنى تاپماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا تېز دىن بۇ مۇناسىۋەتنى بىكار قىلىڭ.

## ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش مۇھىم

خانىم - قىزلار داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇپ ئويلايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنى شەخسىيەتچىلىكتىن ساقلىسىمۇ، بىراق ئۇلارنى ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەل قارايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ھەقىقەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەڭگۈ ئۆزىڭىزگە ھەمراھ بولىدىغىنى پەقەت ۋە

پەقەت ئۆزىڭىز. ئىسىڭىزدە بولسۇن، ۋاقىت ۋە زېھنىنى ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەرپ قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەلۋەتتە، باشقىلارنى رىغبەتلەندۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم قىلىشمۇ ئوخشاشلا ياخشى ئىش. بىراق، ھەرگىز ئۆزىڭىزگە ئېتىبارسىز قارىماڭ. ئەگەر يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش سىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرەلىسە، ئۇنداقتا توختاپ قالماي داۋاملاشتۇرۇڭ.

## جەڭ ئېلان قىلىشلارغا يۈزلىنىڭ، ساراسىمىگە چۈشمەڭ

ئەگەر بەزى مۇھىم ياكى ئالاھىدە ئىشلارنى قىلماقچى بولسىڭىز، بۇ يوللاردا سىز چوقۇم بەزى قىيىنچىلىقلارغا، جەڭ ئېلان قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى دەل بۇ قىيىنچىلىقلارغا تۇتقان پوزىتسىيەڭىزنى ئۆزگەرتىشتە. ئۇنى ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ ئازابلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ دەپ قارىماي، بەلكى يېڭى تېخنىكا، يېڭى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ئويلاڭ. ئەگەر سىز بىر قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئىشنى قىلالىسىڭىزلا، مۇۋەپپەقىيىتىڭىز كىشىلەرنى چەكسىز سۆيۈندۈرىدۇ.

## باشقىلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە ئانچە پىسەنت قىلماڭ

20 ياشتا ئۇچراتقان ھەربىر ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى سىز بىلەن بىرلىكتە ھەمبەھىرلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىسىز. بىراق، ھەرگىزمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئېيتقىنى ئاڭلىشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ. كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە سىز ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمدىن بەزىبىر كۆز قاراش ۋە تەكلىپلەرنى ئېلىپ تۇرۇڭ. بىراق مۇستەقىل، قۇرامىغا يەتكەن ئادەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشايمەن دەيدىكەنسىز، ئەڭ مۇھىم بىر باسقۇچ دەل يەكۈن چىقىرىشنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى بىر دەڭسەپ بېقىشىڭىز دۇر. باشقىلار بولسا قانداق قارار قىلاتتى دېگەندەك قاراشلارغا بەك ئېتىبار بېرىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھېچقانداق ئادەم سىز ۋە سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزىڭىزدەك چۈشەنمەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەرىكىتىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ مىزانى.

## رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

ئەگەر باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ياكى تەلەپلەرگە ماقۇل بولۇپ كۆنۈپ قالسىڭىز ئەمدى رەت قىلىشنى ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى. ئەگەر كۆز ئالدىڭىزدىكى ئىشلارغا تەمتىرەپ قالسىڭىز ئۇنداقتا قەيسەرلىك بىلەن «ياق» دەڭ. مەيلى خىزمەتتە ياكى بەزى مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن مەسئۇلىيىتىڭىزدىن ئېشىپ كەتكەن خىزمەتلەرنى زىممىڭىزگە ئېلىشنى كۆتكەننىڭ ئۆزى نامۇۋاپىق ئىش. ئەگەر ئەدەپ بىلەن بىراۋنى رەت قىلدىڭىز، بىراق ئۇ ئادەمنىڭ ئىنكاسى قەبىھ بولسا ئۇنداقتا بۇ ئۇنىڭ مەسىلىسى، سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

## ئۆزىڭىزنى ۋە ئاتا - ئانىڭىزنى قەدىرلەڭ

ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم مەبلەغنىڭ بىرى ساغلاملىقتۇر. شۇڭا، يېمەك - ئىچمەك ۋە چېنىقىشقا ئائىت ياخشى پىلان تۈزۈڭ. ئاتا - ئانىڭىزمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە قەدەم قويىدى، شۇڭا سىز ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشىڭىز لازىم. بۇ ھەرگىزمۇ سىزنى ئۇلارنىڭ بەختىگە مەسئۇل بولۇڭ دېگەنلىك ئەمەس، بىراق ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار بەلكىم بەزىبىر ياردەملەرگە ۋە قوللاشقا موھتاج بولۇشى مۇمكىن.

## پاسسىپ كىشىلەرنى تۇرمۇشىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ

پاسسىپ كىشىلەر سىزنى قىينايدىغان، سىزنى چەكلەيدىغان ھەم چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار تۇرمۇشىڭىزدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئاجرىتىپ بېرىشىڭىزگە ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر سىز ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئۇرۇنسىڭىز، ياكى سىز ئۇلار بىلەن قارشىلىشىش پوزىتسىيەسىدە بولسىڭىز، ئالدى بىلەن بەختىڭىزنى ئويلىشىڭ. ئەگەر بىراۋنىڭ ئۆز كەيپىياتىنى بۇزۇۋالغانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتىڭىزنى ئاستا - ئاستا ئۈزىدىغان ۋاقىت كەلگەن بولىدۇ. بولمىسا سىز ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ۋاقىتلارنى سەرپ قىلىپ ئۇلارنىڭ روھىنى جانلاندۇرىسىز، ھەم بۇ جەرياندا ئۆزىڭىزمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىسىز.

25 ياش، سىز ماڭىدىغان يول تېخى ئۇزۇن، بىراق سىزدە ئاللىبۇرۇن ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا مەسئۇل بولغۇدەك بەلگىلىك تەجرىبە ھازىرلىنىپ بولدى. سىز چوقۇم ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزگە بۇ سەككىز ئىشنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشىڭىز، ساغلام، بەختلىك، ئۆزىڭىز رازى بولغىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىز كېرەك.

(گۈزەلنۇر ئابدۇراخمان تەرجىمىسى)
(تەرجىمان: شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com



www.uyghurkitap.com

# ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاشنى بىلەمسىز



◉ مەرھابا قاھار

ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاش بىرخىل پسىخىك داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپلا قالماستىن بەلكى پسىخىك داۋالاش ساھەسىدىكى داۋالاش يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت. ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاشنى ئامېرىكىلىق پسىخولوگ مەيئېر ئىجاد قىلغان. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىر باسقۇچىنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ئائىلىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، شۇنداقلا ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاش ئارقىلىق پسىخىك كېسەللەرنى ساقايتىش مۇمكىن، دەپ قارىغان. ئەڭ دەسلەپكى ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاش (1940 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە) روھىي ئانالىز ىملىق پسىخىك داۋالاشنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، پەقەت ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىچىدىكى پسىخىك كېسىلى بار بولغان بىمارنى پسىخىك جەھەتتىن داۋالىغان. بىراق، بۇ مەزگىلدە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر كوللېكتىپ پسىخىك داۋالاشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئائىلە ئەزالىرىغا قارىتا كوللېكتىپ پسىخىك داۋالاش ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. 1948 - يىلى تەيۋەنلىك روھىي كېسەللەر ئىلمى ئالىمى لىن زۇڭيى جۇڭگو ۋە غەربنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىكى ئائىلە ئەندىزىلىرىنى ياپونىيەنىڭ كەسپىي داۋالاش ئۇسۇللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاش مەركىزى قۇرغان. 70 - يىللاردا ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ماستېن ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاش جەريانىدا ھەتتا ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. 1962 - يىلدىن تارتىپ ئامېرىكىدا «ئائىلىنىڭ جەريانى» ناملىق ژۇرنال تارقىتىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئائىلىۋى پسىخىك داۋالاش مۇستەقىل ساھەگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە ئەمەلىي ئۇسۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەم بولسا بولمايدىغان پسىخىك داۋالاش تۈرى بولۇپ قالغان. ئامېرىكىنىڭ ئائىلە ۋە نىكاھ پسىخىك داۋالاش جەمئىيىتى 1970 - يىلدىكى 913 تارماقتىن 1979 - يىلى 7567 تارماققا يەتكەن ھەمدە 300 دىن كۆپرەك ئائىلە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغان.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ فۇنكسىيەلىك بىرلىكى بولغاچقا ئۇنىڭ ھەربىر ئائىلە ئەزاسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ. ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ خاراكتېرى، قىممەت قارىشى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىدە يېتىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ئۆزئارا ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشىدۇ. ئەمما، ئائىلە فۇنكسىيەسىنىڭ ناچار بولۇشى سەۋەبلىك، (مەسىلەن، ئائىلە باشلىقىنىڭ رولىنىڭ ناچار بولۇشى، ئائىلىنىڭ چەك - چېگراسىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى، يات كىشىلەرنىڭ ئارىغا كىرىۋېلىشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئازابلىشى، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ بىنورماللىشىشى، جورىسىز ئائىلە، قايتا نىكاھلىنىپ قۇرۇلغان ئائىلە، بالا بېقىۋالغان ئائىلە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ چېچىلىپ كېتىشى، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈشمەسلىك، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئائىلىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىقلار) ئائىلە ئەزالىرىنى ئائىلىدىكى ماجىرالارغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سۆرەپ كىرىپ، كېسەللىك ھالىتىدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتىدە بىر كىشىلىك رول ئۆتەشكە مەجبۇرلايدۇ. شۇ ئارقىلىق ھەرخىل كېسەللىك ھالىتىدىكى پسىخىكا ۋە قىلمىش توسالغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئائىلە بىر سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە قانۇنىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئائىلە بەلگىلىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىنى توسىدۇ، ئاۋادا بۇ سىستېمىدا ئۆزگىرىش بولسا، ئائىلە ئەزالىرىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ؛ ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا تەسىر ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ سىستېمىنىڭ تەكىۋۇزلۇقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم؛ ئائىلە ئۆزىنىڭ ئەزالىرىنى باشقۇرىدىغان مىزانغا ئىگە قاتارلىقلار.





ئائىلە ئەزالىرى ئائىلىدە ياشاپ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىدۇ ۋە ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئائىلىنىڭ سىستېمىسىغا ۋە ئائىلە ھاياتىنىڭ جىددىيلىكىگە ماسلىشىدۇ ھەمدە بۇ سىستېمىنىڭ جىددىيلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا ۋە ئۆزىگە بولغان تونۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئائىلىۋى پىسخىك داۋالاشنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنىڭ بىرى ئائىلە باشلىقىنى ئۆزگەرتىپ، ئائىلە باشلىقىنىڭ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تېخىمۇ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش؛ ئائىلە باشلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ رولىنى ئېنىق تونۇشى ۋە ئۆزى يۈزلىنىۋاتقان بالىنىڭ مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بىلىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

ئائىلىۋى پىسخىك داۋالاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، ئائىلە باللارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئەڭ مۇھىم تەسىرگە ئىگە. ئائىلىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئائىلىنىڭ كەيپىياتى قاتارلىقلار بالىنىڭ پوزىتسىيەسى، ئەقىدىسى، قىممەت قارىشى، ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئۇلارغا ماس بولغان قىلمىشلىرىنى يېتىلدۈردۇ. ئائىلە بىر سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئەزالىرىنىڭ ياخشى ماسلىشالماسلىق قىلمىشىغا قارىتا يېتىلدۈرۈش رولىغا ھەم شۇنداقلا ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە.

ئائىلىۋى پىسخىك داۋالاشقا ئالاقىدار ئىلمىي ئېقىملار ناھايىتى كۆپ، نەزەرىيە ۋە ئىلمىي ئاتالغۇلىرىمۇ خىلمۇخىل، داۋالاش ئەندىزىلىرىمۇ پەرقلىق. مەسىلەن، قىلمىشىزىم ئېقىمىدىكى ئائىلىۋى پىسخىك داۋالىغۇچى ئالدى بىلەن ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن قىلمىشنى تۈزەش كېرەك، دەپ قارايدۇ. روھىي تۈرتكە ئىلمىي ئېقىمىدىكى ئائىلىۋى پىسخىك داۋالىغۇچى ئائىلىدىكى يوشۇرۇن پىسخىك توقۇنۇش ۋە سايە چۈشۈرۈش مېخانىزمىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىچكى كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كىشىلىك خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى ئېقىمدىن باشقا يەنە فونكسىيىزىم ئېقىمى، قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمى، تاكتىكىچىلىق ئېقىمى، تەجرىبىچىلىك ئېقىمى قاتارلىق ئېقىملار بار. ئۇلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما، بارلىق ئېقىملار ئورتاق بىر نۇقتىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئائىلىنى داۋالاش ئوبيېكتى دەپ قاراش ھەمدە ئاكتىپ ئارىلىشىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئەسلىدىكى قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاشقا تىرىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ساغلام بولغان پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئەندىزىسىنى ۋە قىلمىش ئەندىزىسىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىدۇ.

ئومۇمەن، ئائىلىۋى پىسخىك داۋالاش ئائىلە باشلىقى، بالا ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىنى تەبىئىي بىرلىك دەپ قاراپ، بۇ ئائىلىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاشنى نىشان قىلغان داۋالاش جەريانى. يەنى ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

(ئاپتور: دىلكۆز پىسخىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى)



مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

www.uyghurkitap.com



# بولليۋود ھەققىدە پاراڭلار



توخنىياز ئىسمائىل نىدائىي

«بولليۋود» كىنو ئىشلەش مەركىزى — ھىندىستاننىڭ بومبايغا جايلاشقان كىنوچىلىق بازىسىنىڭ ھىندى تىلىدىكى كىنولىرىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. بەزىدە «بولليۋود» بارلىق ھىندىستان كىنولىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەيدىغان خاتا چۈشەنچە بار. ئەمەلىيەتتە قىسمەن ھىندىستان كىنولىرىغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «بولليۋود» نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كىنوچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ نۇرغۇن تاماشىبىنلىرى بار.



«بولليۋود» فىلىملىرى ئادەتتە مۇزىكىلىق فىلىملەردۇر. بارلىق فىلىملەردە دېگۈدەك ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان كۆرۈنۈشلەر بار. ھىندىستاندىكى تاماشىبىنلارمۇ ئۇلارنى خەجلىگەن پۇلىغا قارىتا قىممەت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. فىلىملەردىكى ئارتىسلارمۇ ئادەتتە «پۇلنىڭ قىممىتى» دەپ قارىلىدۇ. نۇرغۇن فىلىملەردە ناخشا ئېيتىش بىلەن ئۇسسۇل ئويناش، ئۇچ بۇرجەكلىك مۇھەببەت، تىراگېدىيەلىك قەھرىمانلارنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان كۆرۈنۈشلىرى بىرىكىپ كېتىدۇ، بىر كىنونىڭ ۋاقتى ئۈچ سائەتتىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ، تاماشىبىنلار ئارىلىقتا ئازراق دەم ئالىدۇ. بۇنداق ھەر خىل ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن فىلىملەر «ماسالا» فىلىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

«بولليۋود» — ھىندىستاننىڭ بومبايغا جايلاشقان. ھىندىستانلىقلار ئامېرىكىنىڭ «ھولليۋود» كىنوچىلىق بازىسىنىڭ نامىغا ئاھاڭداش ھالدا ئۆزلىرىنىڭ كىنوچىلىق بازىسىنى «بولليۋود» دەپ ئاتىغان. بەزى كىشىلەر بۇنىڭغا نارازى بولسىمۇ بۇ نام داۋاملىق ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، ھەتتا «ئوكسفورد ئىنگلىز تىلى لۇغىتى»گىمۇ «بولليۋود» دېگەن بۇ نامنىڭ ئىزاھاتى كىرگۈزۈلگەن. پاكىستاندىمۇ ئەينى ۋاقىتتا «ھولليۋود» نامىغا ئاھاڭداش كېلىدىغان «لولليۋود» نامىدا كىنوچىلىق مەركىزى بار ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە بۇ مەركەزنىڭ تەسىرى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەن.

«بولليۋود» كىنولىرى ئاساسەن ھىندى تىلىدا بولۇپ، ئوردۇ تىلىدىكى شېئىرلارنى بۇ يەردىمۇ دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنگلىزچە دىيالوگلار بىلەن ناخشىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بارماقتا. نۇرغۇن فىلىملەردىكى دىيالوگلاردا ئىنگلىزچە سۆزلەر، ھەتتا جۈملىلەرمۇ بار. بىر قىسىم فىلىملەر ئىككى ياكى ئۈچ خىل تىلدا نەشر قىلىنىدۇ.

بولليۋود بىلەن ھىندىستاندىكى باشقا بىر نەچچە ئاساسلىق كىنو - تېلېۋىزىيە بازىلىرى (تامىل تىلى، تېلۇگۇ تىلى، بېنگال تىلى، كاننادا تىلى ۋە مالايالام تىلى) ھىندىستاندا غايەت زور كىنوچىلىق مەركىزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ھەر يىلى ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان كىنولارنىڭ سانى ۋە بېلەت كىرىمى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. «بولليۋود» ھىندىستان چوڭ قورۇقلۇقىدىن تارتىپ ئوتتۇرا شەرق، شۇنداقلا ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىغىچە بولغان جايلاردىكى مەدەنىيەت تارقىتىشتا مۇھىم تەسىرگە ئىگە.



«بوللىۋود» فىلىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلىنىدىغان بولۇپ، فىلىمدە نۇرغۇن فورمۇلالاشقان تەركىبلەر بار. مەسىلەن، تەقدىرى كاچ كەلگەن ئاشىق ـ مەشۇقلار، غەزەپلەنگەن ئاتا ـ ئانىلار، چىرىك ئەمەلدارلار، قاراقچىلار، قەلبىدە سۈيىقەست پىلانلاپ يۈرگەن ئالا نىيەتلەر، سەرسانلىقتا ئازاب چەككەن ئاق كۆڭۈل قىز، ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان قېرىنداشلار ۋە تەقدىر ـ قىسمەت تۈپەيلىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار، تەقدىرنىڭ دىراماتىك بۇرۇلۇشى، يەنە توغرا كېلىپ قېلىش قاتارلىقلار.

«بوللىۋود»نىڭ يەنە نۇرغۇن فىلىملىرىدە بەدىئىيلىكنى ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ فىلىملەر ھەمىشە بېلەت كىرىمىدە ئاممىۋىلاشقان فىلىملەرگە تەڭ تۇرالمايدۇ. چۈنكى «بوللىۋود»نىڭ فىلىملىرىدە بۇرۇلۇش بولۇۋاتاتتى. نۆۋەتتىكى فىلىملەردە كىنو ئىشلەشتىكى كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاش خاھىشى گەۋدىلەنمەكتە. تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇھىم بىر تەركىب ھېسابلانغان ياشلار ئوخشىمىغان ھىندى كىنولىرىنى ئۈمىد قىلماقتا.

شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خەلقنىڭ كۆنۈپ قالغان فىلىملىرىدىمۇ نۇرغۇن قىممەتلىك تەركىبلەر بار. بوللىۋود فىلىملىرىنىڭ ھەرقانداق بىر مەستانىسى بىر يۈرۈش «ماسالا» فىلىملىرىنى تىزىپ چىقالايدۇ.

كىنو مۇزىكىلىرى بۇ يەردە «فىلمى» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئارتىسلار، بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ياخشى ئۇسسۇلچىلاردۇر، ئەمما ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئارتىسلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ناخشىچىلاردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە فىلىملەردىكى ناخشا ـ مۇزىكىلار ئادەتتە مەخسۇس ناخشىچىلارنىڭ ئورۇنلىشى بىلەن لېنتىغا ئېلىنىدۇ. ناخشىچىلار سۈرىتى فىلىمنىڭ بېشىدىكى كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىدە كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قوللىغۇچىلىرى بار. بۇ ناخشا مەستانىلىرىنىڭ ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى بولمىغان فىلىملەرنى كۆرگىلى بېرىشى پەقەت ئۆزلىرى ياقتۇرغان ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈندۇر. كىنو مۇزىكىلىرىنىڭ ئىجادكارلىرى، يەنى مۇزىكا نازارەتچىلىرى، شۇنداقلا ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان شەخسلەر، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى ھەمىشە بىر فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

«بوللىۋود» فىلىملىرىنىڭ ئۇسسۇللىرى، بولۇپمۇ ئىلگىرىكى ئاشۇ فىلىملەردە ئۇسسۇللار ئاساسلىقى ھىندى ئۇسسۇللىرىغا ئاساسەن رەتكە تىزىلاتتى. ئۇلار كىلاسسىك ئۇسلۇبتىكى ئۇسسۇللار، تارىختا ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى ئۇسسۇلچى قىز (تاۋايىف)نىڭ ئۇسسۇللىرى ياكى مىللىيچە ئۇسسۇللار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۈگۈنكى دەۋرلەردىكى فىلىملەردە، ھىندى ئۇسسۇللىرىدىكى ئامىللار غەرب ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن بىرىكىشكە باشلىدى. بىراق ساپ غەرب ئېقىمىدىكى سەنئەت ئامىللىرى بىلەن ھىندى كىلاسسىك ئۇسسۇللىرى ئوخشاش بىر فىلىمدە داۋاملىق نامايان بولىدىغان مەنزىرە ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئادەتتە ئارتىسلار ئايرىم ـ ئايرىم ياكى بىرگە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، ئەمما يىگىت ـ قىزلارنىڭ قوش كىشىلىك ئۇسسۇللىرى گۈزەل مەنزىرىلىك جايلاردا ياكى ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالدىلىرىدا سۈرەتكە ئېلىنىدۇ. بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر «كارتىنىلاشتۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما شۋېيتسارىيەدە بۇ خىل كۆرۈنۈشلەردىكى بىر قىزىقارلىق مەنزىرىلەر ئاساسلىقى ئالپىس تاغ تىزمىسىدىكى مەنزىرىلەر كەشمىرنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھىندىستان بىر گۈزەل جاي بولسىمۇ، لېكىن كەشمىر خېلى بۇرۇندىن باشلاپلا توقۇنۇش سەۋەبىدىن كىرىش چەكلەنگەن رايونغا ئايلانغان.

ناخشىلاردىكى ناخشا تېكىستلىرى فىلىمنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشىمىغان شەكىللەردە كىرىشتۈرۈلىدۇ. بەزى ھاللاردا ناخشىلار ۋەقەلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كىرىشتۈرۈلىدۇ، بۇ ناخشىچىلارنىڭ مەخسۇس مۇشۇ فىلىم ئۈچۈن مەخسۇس ئېيتقان ناخشىسى، بەزى ھاللاردا ناخشىلار ئارتىسنىڭ ھېسسىياتى، ئوي ـ پىكرى، غەزەپ ـ نەپرىتى قاتارلىقلارنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكلى، يەنى ناخشا بىلەن ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، فىلىمدىكى بىر جۈپ قىز ـ يىگىت بۇ ناخشىلار ئارقىلىق قىزغىن مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولىدۇ، مۇھەببەت رىشتى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەس دەرىجىدە باغلىنىپ كېتىدۇ.

كومپوزىتورلار ھەمىشە مەلۇم ئالاھىدە يېتىشتۈرگەن دىيالوگ يازغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، دىيالوگ يازغۇچىلار بىلەن كومپوزىتورلارنى كىچىك گۇرۇپپا دېيىش ئومۇملاشقان. ناخشا تېكىستلىرى ئادەتتە ھەممىسى دېگۈدەك مۇھەببەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. «بوللىۋود»نىڭ ناخشا تېكىستلىرى، بولۇپمۇ كونا فىلىملىرىدە نۇرغۇن ئوردۇ تىلى ياكى ھىندىستان دىيالېكتىدىكى ئەرەبچە ۋە پارس تىلىغا تەۋە بولمىغان ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، مەزمۇنى مول، مەنىسى چوڭقۇر تىللار ئىشلىتىلگەن.

«بوللىۋود» ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنى بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىشقا جەلپ قىلغان بولۇپ، بۇلار بىراقلا نام چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئارتىسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مودېللار بىلەن گۈزەللەر، تېلېۋىزىيە ئارتىسلىرى، تىياتىر ئارتىسلىرى، ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بومبايغا كېلىپ چولپان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

چولپانلارنىڭ نامى كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىدە ھەمىشە بىردە كۆتۈرۈلۈپ بىردە پەسىيىپ تۇرىدۇ، «بوللىۋود»تىمۇ شۇنداق. بىر فىلىمدىنلا چولپانلارنىڭ ئالقىشلىنىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com







كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پەقەت ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرلا مەملىكەت دائىرىسىدە نۇرانە ئوبراز تىكلىيەلەيدۇ، نامى بىر نەچچە فىلىمنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن تەسىرگە ئۇچراپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئامىتاب باچچان دەل شۇنداق ئارتىس. رېژىسسورلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەڭ داڭلىق ئارتىسنى تالىشىدۇ، چۈنكى داڭلىق چولپانلار بىر فىلىمنىڭ ئۇتۇق قازىنىشىنىڭ كاپالىتى دەپ قارىلىدۇ. چولپانلارمۇ شۇ سەۋەبتىن بىراقلا نام چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇدا بىر نەچچە فىلىمدا رول ئېلىپ ئۆزىنىڭ داڭدارلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالىدۇ.

«بولليۋود»نى چەت ئەللىكلەرنى يەكلەيدىغان جاي دېيىشكە بولىدۇ. كىنو ساھەسىدىكى ئەربابلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك پۇرسەتلەرنى باشقىلاردىن تېخىمۇ ئاسان تارتىۋېلىشنى ئويلايدۇ. بەزىدە كەسىپ ئەھلىلىرىمۇ، داڭلىق چولپانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، چۈنكى رىقابەت تولىمۇ رەھىمسىز ، ئەگەر كېيىن يېتىشىپ چىققۇۋاتقان چولپانلار رول ئالغان فىلىملەرنىڭ بېلەت كىرىمى ئېشىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

«ھولليۋود»قا سېلىشتۇرغاندا «بولليۋود»نىڭ ئىشلىگەن فىلىملىرىنىڭ خامچوتى نىسبەتەن ئازراق بولۇپ، كۆرۈنۈش، كىيىم - كېچەك، ئالاھىدە ئۈنۈم ۋە سۈرەتكە ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قەدەر دۇنياۋى سەۋىيەگە يېتەلمىگەندى. ئەمما، غەربنىڭ كىنولىرى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ھىندىستاندا ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، «بولليۋود»نىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرىغا بولغان بېسىممۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارغان. چەت ئەللەردە سۈرەتكە ئېلىنغان فىلىملەرنىڭ بېلەت كىرىمى جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت يارىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بومبايلىق فىلىم ئىشلىگۈچىلەر دۇنيانى ئايلىنىپ، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئەنگلىيە، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى قاتارلىق جايلاردا فىلىم سۈرەتكە ئېلىشقا باشلايدۇ. ھازىر ھىندىستاننىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىلىرى مەبلەغنى ھىندىستاننىڭ ئۆزىدە سۈرەتكە ئالغان يۇقىرى تەننەرخلىق فىلىملەرگە سەرپ قىلىۋاتىدۇ.

بولليۋود فىلىملىرىنىڭ مەبلىغى ئاساسلىقى مۇستەقىل تارقاتقۇچىلار ياكى ئاز ساندىكى بىر نەچچە چوڭ كىنو شىركەتلىرىدىن كېلىدۇ. ھىندىستان بانكىلىرى كىنو ئىشلەشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى ئىزچىل چەكلەپ كەلگەن، ئەمما بۇ خىل چەكلىمە بارا - بارا ئەمەلدىن قالغان. مالىيە باشقۇرۇشنىڭ دېگەندەك كۆلەملىشىپ كېتەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن كىنو ئىشلەشتىكى بەزى مەبلەغ قانۇنسىز يوللار ئارقىلىقمۇ توپلىنىدۇ. بومبايدىكى قارا گۇرۇھمۇ چولپانلارغا ياردەم بېرىپ فىلىم ئىشلىگەن ھەمدە قورال كۈچى ئارقىلىق توختاملارنى قولغا كەلتۈرگەن. 2000 - يىلى 1 - ئايدا ھازىر بولليۋودتا ئالقىشلىنىۋاتقان ياش كىنو چولپىنى ھېرتىك روشەننىڭ دادىسى، كىنو رېژىسسورى راكېش روشەن قارا گۇرۇھ ئىشلىگەن فىلىمگە رېژىسسورلۇق قىلىپ بېرىشنى رەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىن قارا گۇرۇھتىكى بىر قاتىل تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلگەن. 2001 - يىلى ھىندىستان ساقچى ئورگىنى مەركىزىي تەكشۈرۈش ئىدارىسى شۇ يىلى ئىشلەنگەن سالمانخان، ئامرىش پۇرى قاتارلىقلار رول ئالغان «پەرزەنت ئىشقى» (بۇ فىلىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان) ناملىق فىلىمنىڭ مەبلىغىنى قارا گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى تەمىنلىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان ھەمدە فىلىمنىڭ لېنتىلىرىنى يىغىۋالغان.

فىلىملەرنىڭ ئوغرىلىقچە نەشرىنىڭ كۆپلەپ تارقىلىپ كېتىشى «بولليۋود»تىكى فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان پىلاستىنكىلار ھەمىشە شۇ فىلىم كىنوخانىلار قويۇلۇشتىن بۇرۇن بازارغا چىقىپ بولىدۇ. پاكىستان ۋە ھىندىستاندىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەپ چىقىرىلغان نەچچە ئون مىڭلىغان پىلاستىنكىلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ. يەنە كېلىپ ھىندىستان ۋە پۈتۈن ئاسىيا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن سىملىق تېلېۋىزىيە شىركەتلىرى بۇ فىلىملەرنىڭ ھېچقانداق ھەق تۆلىمەي بىمالال قويۇۋېرىدۇ. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدە ھىندىستانلىقلار ئاچقان تۈرلۈك دۇكانلاردا كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان پىلاستىنكىلار سېتىلىدۇ. ھازىر چەت ئەللەرنىڭ تۈرلۈك فىلىملىرى ھىندىستاننىڭ كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىگە ئۈزۈلمەي كىرىۋاتىدۇ. ئىلگىرى «بولليۋود»تا ئىشلەنگەن كۆپ قىسىم فىلىملەردىن پايدا ئالغىلى بولغان بولسا ئەمدىلىكتە پايدا ئازىيىپ زىيان تارتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بىراق «بولليۋود» بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتقان بوگۈنكى كۈندە، بۇ يەردە ئىشلەنگەن فىلىملەر ئەنگلىيە، كانادا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىدىكى كىنوخانىلاردا يۇقىرى بېلەت كىرىمى

ياراتماقتا. چۈنكى بۇ دۆلەتلەردە ھىندىستانلىق كۆچمەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان بولۇپ، ھىندىستان فىلىملىرىگە بولغان ئېھتىياجمۇ ئېشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستان فىلىملىرى ئاسىيا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تاماشىبىنلىرى ئارىسىدىمۇ ئالقىشقا ئېرىشىۋاتىدۇ.

ھىندىستان كىنو تاماشىبىنلىرى ژۇرنىلى (ئېكران ژۇرنىلى) — «Filmfar» 1953 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك Filmfar مۇكاپاتىنى تارقىتىدۇ. بۇ مۇكاپات كېيىنچە «بولليۋود»نىڭ «ئوسكار مۇكاپاتى» بولۇپ قالىدۇ. يۇلتۇزلار ژۇرنىلى، Zee تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىقلارمۇ كېيىنچە مۇكاپات تارقىتىش ساھەسىگە كىرىدۇ. يېقىندا يەنە IIFA ناملىق مۇكاپات تۈرى كۆپەيدى. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئادەتتە چەت ئەللەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، بۇ مۇراسىم ھىندىستان ۋە چەت ئەل كىشىلىرىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ، يېقىنقى يىللاردىكى مۇكاپاتلاش مۇراسىملىرى ئامېستېردام، سىنگاپور، ئەنگلىيە ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۆتكۈزۈلدى. 1973 - يىلىدىن بۇيان، ھىندىستان ھۆكۈمىتى مەبلەغ چىقىرىپ «دۆلەت كىنو مۇكاپاتى»نىڭ بارلىققا كېلىشىنى قوللايدۇ، دۆلەت مەبلەغ سالغان كىنو بايرىمىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى مۇكاپات تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىدارە نوقۇل ھالدا «بولليۋود» فىلىملىرىنىلا ئەمەس بەلكى باشقا رايونلارنىڭ فىلىملىرى ۋە بەدىئىي فىلىملەرنىمۇ مۇكاپاتلايدۇ. مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ھىندىستان زۇڭتۇڭىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ بارلىق كىشىلەر، جۈملىدىن بارلىق چولپانلار ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان مۇكاپات ھېسابلىنىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر «بولليۋود»نىڭ فىلىملىرىنى شەكلى بىر خىل، ناخشا - مۇزىكىنى ئاساس قىلغان دېيىشىدۇ. تاماشىبىنلار بىر فىلىمنى كۆرگەندە يىگىمدەك، يەنە بىر فىلىمنى كۆرگەندە، ئۇنى باشتا بىر قېتىم كۆرۈپ بولغاندەك تۇيۇلىدۇ، «بولليۋود»نىڭ كىنو ئىشلەشتىكى بۇ خىل ئۇسلۇبىدىن پەقەت ھىندىستانلىقلارلا زېرىكمەي ھۇزۇر ئالالايدۇ. ئەمما پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «بولليۋود» بەئەينى ھىندىستاننىڭ جۇلالىق ماركىسىغا ئوخشاش، ھىندىستانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە، ھىندىستان كىنو چولپانلىرىنىڭ دۇنيا مودا ئېقىم چەمبىرىكىدىكى ئورنى بارغانسېرى گەۋدىلىنىۋاتىدۇ، ھەتتا «ھولليۋود»نىڭ نۇرغۇن چولپانلىرىمۇ «بولليۋود»تىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. «بولليۋود»تىكى چولپانلار توي مۇراسىمىغا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئايال پادىشاھىنىمۇ تەكلىپ قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە، ھەتتا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بوش ھىندىستاندا زىيارەتتە بولۇپ ھىندىستان گۈزىلى، «بولليۋود» خانىشى ئەشۋارىيا راي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا ئەشۋارىيا كۆرۈشۈشنى رەت قىلغان. بۇنىڭدىن «بولليۋود»نىڭ چولپانلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«بولليۋود» ھىندىستانلىقلارغا نىسبەتەن ئارزۇسىنى رويابقا چىقىرىدىغان بىر جاي. 1997 - يىلى تۇغۇلغان ماستېر كىساك ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە بىرى. ئۇ ھىندىستان، ھەتتا دۇنيا تارىخىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك كىنو رېژىسسورى بولۇپ، ئالتە يىلدا جەمئىي 24 فىلىم، 1000 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا رولغا چىققان، ئۆزى كىنو ناخشىسى ئىجاد قىلغان ۋە ئېيتقان. ھىندىستاننىڭ داڭلىق ئارتىسى جەكىي شىروف ئۇنىڭغا يۇقىرى باھالارنى بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ فىلىمدە رولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«بولليۋود» كىنو شەھەرچىسى دۆلەت ئىلىكىدىكى ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى چوڭ - كىچىك نەچچە ئونلىغان كىنوچىلىق بازىلىرىدىن تەركىب تاپقان، چوڭ تىپتىكى سۈرەتكە ئېلىش زاللىرىنىڭ ھاۋاسى ھىندىستاننىڭ ئىسسىق ھاۋا كىلىماتىغا ماسلاشتۇرۇلغان، شارائىتلىرى ئىنتايىن ياخشى، سىرتتىن سۈرەتكە ئېلىش مەنزىرىلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ، سۈرەتكە ئېلىشقا لازىم بولغان ھەرقانداق مەنزىرە تامامەن تېپىلىدۇ.

ھىندىستان گەرچە خېلى كۆپ مىقداردا «ھولليۋود» فىلىملىرىنى كىرگۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھىندىستانلىقلار يەنىلا ئۆز تۇپرىقىدا ئىشلەنگەن، ئۆز ئارتىسلىرى رول ئالغان فىلىملەرنى كۆرۈشكە ئامراق، نۇرغۇن ھىندىستانلىقلارنىڭ ھەر ئايلىق كىنو كۆرۈش قېتىم سانى ئىككى قېتىمدىن كەم ئەمەس. شۇڭا، ھىندىستاننىڭ پۈتۈن يىللىق كىنو بېلەت كىرىمى ئىنتايىن يۇقىرى، شۇ سەۋەبتىن ھىندىستان شەھەرلەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدا «بولليۋود» فىلىملىرىنىڭ تەشۋىقات سۈرەتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: تەگرىتاغ توردا تەرجىمان، مۇھەررىر)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com






www.uyghurkitap.com



◉ يۇ چيۇيۇ

# جەزىرىدىكى يالغۇز ئات

بۇ ۋەقە ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۇزۇن مۇساپىلىق كۆچۈۋاتقان ھايۋانات توپىدا يۈز بەرگەن.

شىددەتلىك ئېقىندىن ئات توپلىرى كېسىپ ئۆتەلىگەن بولسىمۇ دەريا قىرغىقى تىك ۋە يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن قىرغاققا چىقىشى قىيىنغا توختاۋاتاتتى. ئېقىندا نۇرغۇن ياۋۇز تىمساقلار بار بولۇپ ئاتلارنىڭ توپتىن چۇشۇپ قېلىپ ئۆزىنىڭ مەززىلىك تائامغا ئايلىنىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

بىر تايچاق ئات توپىغا ئەگىشىپ دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا توپتىكى بارلىق چوڭلىرى ئاللىبۇرۇن قىرغاققا چىقىپ بولغانىدى بىراق ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ دەريا قىرغىقىغا يامىشالماي ئىككى ياۋۇز تىمساقنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ئۇنىڭ جەمەت ئەزالىرى بولمىش بارلىق چوڭلىرى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ئېتىبار بېرىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشۇپ قەدەملىرىنى ئىلدام قويۇۋەتتى. ئۇلار ئاقىۋەت توپى بىلەنلا نامەلۇم يۇكسەك بىر نىشانغا ئەگىشىپ قارىغۇلارچە يۈرۈپ كېتىشتى.

بىراق تاشلىۋېتىلگەن تايچاق قەتئىي ۋاز كەچمىدى، ئۇ نەچچە قېتىم ئارقىمۇئارقا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ قەتئىي بەل قويۇۋەتمەستىن ئاخىر مۆۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قىرغاققا چىقىۋالدى. ئۇ قىرغاققا چىققاندىن كېيىن بېشىنى بۇراپ تىمساقلارغا بىر قارىۋەتتى - دە، غالىبلارچە ئالدىغا قاراپ يول ئالدى.

ئالدى تەرەپتىن توپنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئەگەر ئۇ غەيرەت قىلىپ يۈگۈرسىلا يېتىشىۋالالىشى ئېنىق بولۇپ ئادەتتىكى كۈنلەردە مۇشۇنداق قىلاتتى. بىراق بۈگۈن قەدەملىرىنى ئىلدامغىنە كۆتۈرۈپ يېنىككىنە يەرگە قويدى - دە، لەرزان قەدەملەر بىلەن ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى، توپنى قەتئىي قوغلىمىدى.

تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ئۇنى ئاتلارنىڭ ئارىسىدىكى «مۇتەپەككۇر» غا ئايلاندۇرۇپ، ئات توپىدىن ئايرىدى، جەمەتى، چوڭلىرى بولمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئافرىقا يايلىقىدىكى يالغۇز ئاتقا ئايلىنىپ خېيىم - خەتەرگە تولغان، ئەمما ئەركىن بولغان ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ خەتەردىن قورقماسلىقنى خېيىم - خەتەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۆگەندى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان توپقا زىيادە تايىنىۋېلىشقا بولمايدىغىنىنى تونۇپ يەتتى.

ئۇنداقتا تايچاقنى رەھىمسىزلەرچە تاشلاپ كەتكەن ئات توپىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى. ئۇلار ئاشۇ يۇكسەك نىشانغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئۇ نىشانىنىڭ تۈيۈقسىز توختىغىنىنى بايقاشتى. بىراقلا نەچچە مىڭ تۇياق ئاتنىڭ توختىشى زىيادە قىستاڭچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، لېكىن ئۇلار قايسى تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى بىلمىدى.

ئەسلىدە بۇ يۇكسەك مەنزىل بىر تۇياق زىراپە ئىدى، ئۇ شۇنچە زور يۇكسەكلىكنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئەگىشىلگەن بولسىمۇ بىراق ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن يول باشچى بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەينىدە نېمە ئۈچۈن چۇمۇلە توپىدىكىدەك قايناقچىلىقنىڭ شەكىللەنگىنىنى چۈشەنمىدىمۇ ۋە ياكى ئۆزىگە بىرەر زور بالايىئاپەتنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ئەندىكىپ توختىغانىدى. سۆيۈملۈك زىراپە بىر خىل قۇپقۇرۇق، ئەمما چۈشىنىكسىز يۇكسەكلىككە ئىگە بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭدىكى بارلىق يۇكسەكلىك قارىغۇلارچە «چوقۇنۇلدى»، خالاس.

ھازىر ئاشۇ چەكسىز سوزۇلغان جەنۇبىي ئافرىقا يايلىقىدا پەقەت ئىككىلا ئالاھىدە ھايۋان بار، ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىملىقىنى بىلەلمىگەن زىراپە بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي تۇردە تونۇپ يەتكەن تايچاق. گەرچە باشقا ھايۋانلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكىنى ئۈچۈن تىلغا ئېلىشقا پەقەتلا ئەرزىمەيتتى.

(تەرمىلەر ژۇرنىلىنىڭ 2016 - يىللىق 9 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى 14 - 3 سىنىپتىن ئابلىز تەۋەككۇل تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

سۈن لىلى

# چېچەك ئۈزۈشتىكى پەلسەپە

كىچىك ۋاقتىمدا ئۆيىمىز مېۋىلىك باغدا ئىدى، ھەر يىلى باھار پەسلىدىكى نەشپۈت چېچەكلىگەن مەزگىلدە چوڭلارغا ئەگىشىپ نەشپۈتزارلىقتا نەشپۈت چېچىكى ئۈزگىلى كىرەتتۇق.

بۇك ـ باراقسان ئېچىلغان نەشپۈت چېچىكى ئادەمنى مەھلىيا قىلىپ ، شائىر يۈەن خاۋۋېننىڭ «نەشپۈت چېچىكى» ناملىق شېئىرىنى ئەسلەتتى: «نازىنىن قىزلاردەك نەشپۈت چېچىكى، غىربىلىق ئۈستىگە تۆغۇلار باھار. ياپېشىل ھېسلارغا چۆمۈلۈپ پاكلىق، قىپقىزىل يۈزلەرنى سۆيىدۇ قاتار.» ئاپپاق گۈللەرگە تەدرىجىي يېتىلىۋاتقان مەۋجۇتلۇق يوشۇرۇنغاندى، مىسالى باھارنى ئىزدىگەن پەرىشتىلەردەك، نەشپۈت چېچەكلىرى ئاپپاق قار گۈللىرىدەك، غۇنچىلار بەش بەرگىلىك كۈنلۈكتەك، گوياكى بىر جان بىر تەنگە سىڭىپ كەتكەندەك.

ئەسلىدە نەشپۈت چېچەكلىرى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ بولغاندىن كېيىن چېچەك ساپاقلىرىدىن يېپيېڭى نەشپۈت غورىلىرى چىقىدۇ دەپ قارايتتىم . ئانامنىڭ ئېيتىشىچە غۇچچىدە ئېچىلغان نەشپۈت چېچەكلىرىنى ئۈزۈش لازىم ئىكەن، پەقەت بىر قىسىم چېچەكلەرنى ئۈزۈۋەتكەندىلا ئاندىن ئۈزۈلۈقنىڭ سەۋەبىسىز خوراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن .

ئانامنىڭ ئېيتىشىچە بىر قارىساقلا غۇچچىدە ئېچىلغان نەشپۈت چېچەكلىرىنىڭ بىر قىسمى «يالغان چېچەك»، بىر نەچچە كۈن ئىككارلا ئېچىلىپ مېۋىلىمەيدىكەن، خۇددى يالغانچى ئادەمدەك ئىشنى ھەقىقىي يوسۇندا بېجىرمەيدىكەن. مەيلى «يالغان چېچەك» بولسۇن ئۇلارنى ئۈزۈپ گۈل شىرنىسى ياسىغاندا دەرەخنىڭ ئارتۇقچە كۈچ سەرپ قىلىشىدىن ساقلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇزۇقلۇقنى مېۋىلەيدىغان چېچەكلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدىكەن.

ئانامدىن سورىدىم ، چېچەكلەر ئوپمۇ ئوخشاش تۇرسا «يالغان چېچەك»لەرنى قانداق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ؟ ئانامنىڭ ئېيتىشىچە بىر دەستىدە تۆت ـ بەش تال چېچەك بولىدىغان بولۇپ ئوتتۇرىدىكى ئەڭ بۇرۇن، ئەڭ چوڭ ئېچىلغىنى «يالغان چېچەك» بولىدىكەن. مەن دەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چوڭ ئېچىلغان، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان بىرسىنى بايقىدىم. ھالبۇكى، بۇنداق چېچەكنىڭ بەرگىسى ئەڭ بۇرۇن تۇزۇپ مېۋىلىمەيدىكەن، پەقەت ئالدىنئالا يىغىۋېلىپ، چېچەك شىرنىسى تەييارلاپ چاڭلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىدىكەن. چاڭلاشتۇرۇلغان تەشپۈت مېۋىسى چوڭ ھەم يېپىشلىك بولىدىكەن.

ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نۇرغۇن ئوخشاش تەرەپلىرى بار. بۇ سۆزدە ئېيتىلغاندەك: «ئۆمۈردە پەقەت بىرلا ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ ». ۋاز كېچىش بولسا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى زۆرۈر قەدەم، ھەمدە مۇھىم پاسىل. بىز نىڭ تۇرمۇشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پايانلىرىغىچە چۆكۈش، ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل، لەززەتلىك دەقىقىلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈمۈدىمىز ۋاز كېچىشلەر ئىچىدە پەيدىنپەي مۇستەھكەملىنىدۇ.

«بەي يۈ سۇتراسى» دا بىر ھېكايەت قەيت قىلىنغان: «بىر ئىككى باشلىق يىلاننىڭ ئوڭ بېشى ئوڭ تەرەپكە، سول بېشى سول تەرەپكە ئۈزۈپتۇ ۋە قىلچە ئىلگىرىلىيەلمەپتۇ، ئاقىۋەتتە قازانغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. كىشلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئويلايدىكەنمىز ، چوقۇم كۈچلۈك دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز زۆرۈر. بىر ئادەم ئىككى توشقاننى تەڭلا قوغلايمەن دېسە بەلكىم بىرىنىمۇ تۇتالماسلىقى مۇمكىن.»

ھېس قىلىشىمچە «چېچەك ئۈزۈش»مۇ كىشىلىك ھاياتقا ئوخشايدۇ، ئىنساننىڭ قىلىشنى ئويلايدىغان ئىشى ئىنتايىن كۆپ، بىراق زېھنىي كۈچى چەكلىك، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدىغان ئىشلىرى بەكمۇ ئاز. ئون قۇشنىڭ ئورماندا بولغىنىدىن بىر قۇشنىڭ قولدا بولغىنى ياخشى. دانىشمەن ئۇستاز تيەن تەي ئېيتقاندەك: «پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ھەممىسى باباراۋەر، ھەممە ئادەملەر دۇنياغا سەبىي ھالەتتە ئاپىرىدە بولىدۇ، بىراق تەدرىجىي يامان يولغا مېڭىپ كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر بىز نەپس ـ خاھىشىمىز نى يىغىپ، نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كەچمىسەك قەلب چوڭقۇرلۇقىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالمايمىز .» بىز ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولۇش سەپىرىمىز دە نۇرغۇنلىغان تاللاش ، ۋاز كېچىشلەرگە يولۇقىمىز ، مۇشۇنداق بولغاندىلا گۈزەل، پارلاق كىشىلىك ھايات يولىمىز نى بەرپا قىلالايمىز .

( يى لىن مەجمۇئەسىنىڭ 2016 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 14 ـ 3 سىنىپتىن ئابلىز تەۋەككۇل تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

www.uyghurkitap.com



# ئۇ ناخشا ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەس

◉ غازى ئوغلى



1

كىملەر ئۇ ۋاقىتنى ساناقتا ئالغان؟
ئۆتمۈشكە ئايلاندى شادلىق ۋە ھەسرەت.
دۇنيادا نېمە ئۇ تۈنجى سانالغان؟
بارلىقنى يوقلۇققا ئۇزاتقان ھەرىكەت.

ئۈمىدىم ئىدىغۇ كەتكەن تۈنۈگۈن،
قوپقۇرۇق ئۆزۈمدە قالدىم بىگانە.
ئەتىنى كۆرسەتمەس سېھىرلىك بۈگۈن،
ۋاقىتنىڭ ئىلكىدە ھايات سەرسانە.

كەتكەندە ۋاپا يوق قالدۇ ئۈمىد،
ئەتىنى يەنىلا چاقىنتار قۇياش.
چاقماقنىڭ كەينىدە يەنىلا سۈكۈت،
ھەممەتسىز ھاياتتا زامان باغرى تاش.

ئەي دۇنيا، ئەي زامان بىلەمسەن مېنى،
مەنمۇ ھەم يارالغان باغرىڭدا بىر جان.
بىر تەتۈر ساناقتا ساناپ ھەممىنى،
تىلەككە يېتىشكە بەرسەڭچۇ پەرمان.

2

بىر ناخشا جاراڭلاپ زېمىن تەكتىدىن،
يۈرەك سوقۇشىنى قىلدۇ يەكسان.
ئەسلىگە كېلىدۇ قالدۇق سەكتىدىن،
قايتىدىن ئۆزىنى سېغىنغان بۇ جان.

نېمە ئۇ سۆيدۈرگەن بۇندا جاھاننى؟
تۇپراقتىن ياڭرىغان شۇ مۇڭلۇق سادا.
چىرايلىق ئۇ مۇڭزار ئىز دەپ نادانىنى،
ئىنسانىنى ئۆزىگە قىلماقچى ئادا.

يەتمەس بۇ بەختكە ھەرگىز پەرىشتە،
ئادەمنىڭ ۋەتىنى چۈنكى بۇ زېمىن.
پۈتكەندۇر ۋە لېكىن ھەممە ئەرشتە،
بىر بىز لا تاپىمىز تۇپراقتا ئەمىن.

ھېچكىم ھېچكىمنىڭ پەريادى ئەمەس،
ئۇ ناخشا ھەممىگە تارالغان سۆيگۈ.
ئۇ ناخشا ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەس،
لېكىن قەلبلەرگە سىڭدۇ مەڭگۈ.

3

سېنى ئىز دەپ كەلدىم قەدىمدىن،
مەن ئىبھتمال ساڭا رىۋايەت.
جامالىڭغا يۈككەن قەددىمدىن،
يۈرىكىمنى كۆرسەتك نىھايەت.

ئىشەنمەسلىك بۇندا ئىز تىراپ،
چۈشلىرىڭدە بولارمەن سەرسان.
چۆلدە قۇدۇق كېتەر قانسىراپ،
سەيياھلارنى قىلىشقا ۋەيران.

پايانىڭدا بىگانە يانتاق،
سەن ئۇچۇنلا ئىپچىلسا جىمجىت.
نەدە ئايان ئۇندا خۇشپۇراق،
سۆيۈلۈشلەر بولدۇ بىتچىت.

ئۆزۈڭدىدۇر يالغۇز جاھانىڭ،
پۇقراسى يوق مىسكىن ۋەتەنسەن.
يۈرىكىڭنى سۆيگەن زامانىڭ،
ئۇندا تەشنا ئۆتكەن بەدەنسەن.

چىق ئۆزۈڭدىن، تاشلا زامانىنى،
بۇندا بەخت سېنى كۈلدۈرەر.
يوقات سېنى سۆيمەس يامانىنى،
سۆيگۈ ساڭا گۈللەر كەلتۈرەر.

4

بىراۋلارغا ئايلاندىم بۇ كەچ،
بىراۋلارنىڭ قەلبىگە ھارام.
سۆيگۈلەردە بولدۇممەن كېكەچ،
لۈكچەكلىكىم بولمىدى قارام.

سۆيگۈلەرگە بولمىدىم ئاسىي،
ساداقەتتىن كەچمىدىم ھامان.
مېنى سۆيگەن ھايات خۇداسى،
رەسۋالىقتىن ساقلىدى ئامان.

كوچىلاردىن ئۆتتۈم ئەدەپتە،
ئۆز — ئۆزۈمگە ئاۋايلاپ دەسسەپ.
سۆيگۈلىرىم تۇرسا سەدەپتە،
مەن ئۆتەمدىم ئۆزۈمنى قەستلەپ.

باغرىڭدىمەن ئەي گۈزەل دۇنيا،
گۈزەللىكنى ياشايمەن سۆزلەپ.
تەنھالىقتا بولسام بورىيا،
پەلەكلەردە قويارسەن بەزلەپ.

5

سەھەرنىڭ ئۇيقۇسى كۆرسۇن سەندە چۈش،
چۈشلەرنىڭ ئىلكىدە كۆرگىن قۇياشنى.
بارچە بەختلەرنى چۈشۈڭدە كۆرۈش،
ئامەتلەر ئىلكىدە كۆكۈل ئاياشنى.

كۆڭۈلنى ئۇتتۇشنى قىلسەن خىيال،
ۋە لېكىن غۇرۇرۇڭ بەرمەيدۇ ئىمكان.
ئەسلى سەن بۇ كېچە بىگانە ئايال،
ئىز دەيسەن ھەققى يۈرەكتىن ماكان.

ھەقلىقسەن دۇنيادا سۆيۈلۈشكە زار،
سەممىي يۈرىكىڭ بۇنىڭغا گۇۋاھ.
ياشايدۇ قەلبىڭدە ئۆزگىچە باھار،
سېنىلا ئىز دەيدۇ سۆيۈنگەن نىگاھ.

قاپقارا كۆزلىرىڭ تۆكىدۇ سۆيگۈ،
سەن سۆيگۈ قەستىدىن ئامان قالغۇچى.

ئۆزۈڭنىڭ يۈرىكى بەختىڭدۇر مەڭگۈ،
سېنى سۆيگۈچىدىن جاننى ئالغۇچى.

6

ئەي سەن مېنى سۆيگۈچى جەننەت،
سۆيگىن مېنى خىسلىتىڭ بىلەن.
سۆيسۈن يەنە قەلبىڭدە ھەسرەت،
مەن تۇغدۇرغان نەپرىتىڭ بىلەن.

مەن باغرىڭدا ئۆلۈپ قالغۇچى،
مەيلى سەندىن يەتمىسە شەپقەت.
ياشلىرىڭدا كۆلۈپ قالغۇچى،
نىگاھىڭدا ياشارمەن ئەبەت.

قىلمىشىمنى سورىما مەندىن،
ساڭا شورلۇق قىلدىم نەچچە رەت.

قارا كۆڭۈل بولسامۇ سەندىن،
ئايىغىڭدا بولىمەن جەسەت.

چۈنكى مېھرىڭ قەلبىمدە گۈلخان،
سەن سۆيۈشنى ئۆگەتكەن ماڭا.
بىز نى جاھان قىلسىمۇ تالقان،
نومۇسۇمدا كۆيىمەن ساڭا.

كەچۈر مېنى ئەپۇچان ئايال،
زارلىرىڭدىن زارلايمەن ھامان.
بىر ئاچچىقتا ئۆتسۇن بۇ خىيال،
نېسۋەمنى بەرگىن پاراۋان.

بولغىنىم راست ساڭا بىۋاپا،
ئاچچىقلاردا ئۆزۈمنى بولغاپ.

ئەسلى سەن بىر گۈزەل دىلرەبا،
ئۆتمىگەيسەن يۈرەكنى تولغاپ.

ئاغرىنمايمەن ئاچچىقلىرىڭدىن،
ئاچچىقلىرىڭ ماڭا سۆيگۈدۇر.
ياشاپ كەلدىم تاتلىقلىرىڭدىن،
سۆيگۈلىرىڭ ماڭا مەڭگۈدۇر.

يەنە مەۋجۇت سەندە جاسارەت،
سەن قەلبىمدە مەسۇم بىغۇبار.
ھامان تۈگەر مەندە ئاسارەت،
ھاياتىمدا سەن بىر تىلتۇمار.

سەن رىۋايەت ئەمەس بىر جەننەت،
ئازابلاردىن قىلسەن ئازاد.
سەن تەقدىردىن تۆكۈلگەن ھىممەت،
بۇ دىلىمنى قىلىشقا ئاۋات.

## لەۋلىرىمدە ئاچچىق سىغىنىش

◉ مۇتەللىپ مەنسۇر ئوۋچى



### ئىسكرىپكا

1

تۇرغاندا ھاملدار،
ئولتۇرغاندا كۆزلىرىڭ بىدار،
نېمىدۇر بىر نەرسە سۇركۇلۇپ،
كۆكسۈم بىراقلا كەتتى سۆكۈلۈپ،
تىترەپ تۇرۇپ تۇتتۇم قولۇڭنى
ماڭا نېمە دەيسەن ئەي دىلدار؟

قىز غۇچ ئەتىگەنلەرنى،
شەبنەملەرنى،
ئاسماننى، كۆپكۆك كۈلۈپ تۇرغان ئاسماننى،
سوۋغا قىلىپ ماڭا بىقارار؛
مەجنۇنتاللىق ئېرىق بويىدا
ئاخىر ماڭا كۆرسەتتىڭ دىدار.

قان يوقتەك، جاراھەت يوقتەك،
ئۆلۈم يوقتەك ئېچىلار گۈللەر.
خىيانەت يوق، ئايرىلىشمۇ يوق،
چوقۇم ئۇنى سەزمەس كۆڭۈللەر؛

پەقەت سېنىڭ ئاۋازىڭ ئارا
ۋىل - ۋىل يېنىپ تۇرىدۇ كۆيۈش.
چوغدەك قىزىل خىياللىق تۈندە
ماڭا نېسىپ بىر سېنى سۆيۈش،
ماڭا نېسىپ ئەلەملىك كۈلۈش.

ئىسكرىپكا قىز دەك ئېسەدەپ
ئولتۇردى ئاخىر،
قۇچىقىمدا ئولتۇرغاندەك يار.

2

قىز غۇچتۇر،
گويا ئەمدى سۆيۈلگەن لەۋدەك
سېنىڭ رەڭگىڭ.
كۆكۈشتۇر،
ئاستاغىنا قىمىرلاۋاتقان
ئاۋازىڭ كۆكۈش.
ئىككى تال چېچىڭ
ئۇلانغان
ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ ئىشكىگە.

3

ئىسكرىپكا
ئاستا مېڭىپ،
دېرىز ە ئالدىغا كېلىپ
پەردىسىنى ئاچتى كېچىنىڭ.

### كونا رەسىملەر

1

بەزىلىرى شاماللىق،
چوڭقۇر نەپەس ئالغۇدەك كېلىدۇ.
بەزىلىرى ئاپتاپلىق،
مەڭگۈ شۇ يەردە قالغۇدەك كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كونا ئۆيلەر، پېشايۋانلىق مەھەللىلەر،
لايىقا ئۆستەڭلەر ۋە باغلار،
كۆزۈڭگە تىكىلىپ تۇرىدۇ.

**2**

قەدىم باغلاردىن كېلەر
خۇشپۇراق شاماللار، سادالار.
مېڭىپ يۈرگەن بىر توپ ئاياللار
مەڭگۈلۈككە قېتىپ قالغان قەغەز يۈزىدە.

**3**

ھېلىمۇ تىرىكتەك بىلىنەر
باغرىغا بېسىشقا ئۈمتىلىپ تۇرغان مومام.

**4**

ۋاقىتنىڭ كىچىككىنە بىر يۈزى
قاملىپ قالغان قەغەز ئىچىگە
بارغانسېرى سارغىيىپ...

جىمجىت ئىھتىراسلار،
تەن يۈكىدىن قۇتۇلغانلار،
يەتتە قات ئاسمان ۋە يەر تەكتىدە سەيلە قىلىپ يۈرگەنلەر،
جىمجىتقىنا قارىشىدۇ ئەمدى قەغەزدە.

### يامغۇرلۇق كەچ

نەقەدەر قىزغىن پىچىرلاشلار،
نەقەدەر لەرزە
ئىشىك چېكىلەر.
نەقەدەر مىسكىن قۇچاقلاشلار،
دەرەخلەر ھۆل، سىلكىنەر.
قولۇڭنى سوزساڭ
ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ چاغلىرىڭ
قايتىپ كەلگەندەك بىلىنەر.

### نىقاب

ئاجىز لىقىم سەۋەب،
ئەڭ قىزغىن مۇھەببىتىمنى ساڭا
بېغىشلايمەن.
قارىغۇلۇقۇم سەۋەب،
ساڭا ئەڭ پارلاق نۇرلارنى كۆرسىتىمەن.
توكۇرلۇقۇم سەۋەب،
ئەڭ يۈگۈرۈك يوللاردا سېنى چۈشەيمەن.
تىلسىزلىقىم سەۋەب،
ساڭا ئاتاپ ناخشا ئېيتىمەن.

### ئەكس سادا

(ئانامغا)

ئۆكسۈگەن ئاۋازىڭ بۇلۇتتىن ھالقىپ
يامغۇر بوپ چۈشىدۇ قاقاس دالاغا.
تىكەنگە سانچىلىپ قالغان كېپىنەك
ئۇمتىلىپ باققاندەك كۆپكۆك ساماغا،
يۈرىكىم تەلپۈنەر ئەكس ساداغا.

بىلمەن، تېنىڭدە تۆگىدى دەرمان،
قار - يامغۇر ئۇپراتقان كېسەك ئۆيسىمان.
ۋە لېكىن دەسلەپكى ئارزۇلار تىرىك،
يېلىنجاپ تۇرىدۇ شام چىراغسىمان،
ئەتراپىنى ئورىغان بولسىمۇ تۇمان.

سۆزلەيسەن، ئاۋازىڭ غارنىڭ ئىچىدىن
جاراڭلاپ قايتقان ئەكس سادادەك،
قەلبىمنى ئازابلاپ قىلار مالىمان.

بىقۇۋۋەل ئالدىڭدا تۇرىمەن تىترەپ
مۇشەققەت تاۋلىغان ئاجىز قولۇڭغا
يۈزۈمنى ياققانچە يىغانىم ئۆرلەپ.

### مەھەللەم

**1**

ئورمانلىرىڭدىن شامال،
باغلىرىڭدىن شاپتۇل ھىدى،
ئۆستەڭلىرىدىن ئۇيناقشىغان كۆلگۈنچەك سۇلار
چىقىپ كېلەر خىيالىمدەك
چىقىپ كېلەر چۈشۈم كەبى.
بىتون تاملار،
گۈللۈكلەر، كىملىكى نامەلۇم كىشىلەر،
بىنالاردىن چىقىپ كېلەر،
كوچىلارغا يېيىلىپ.
مەن ناتونۇش كۆزلەردىن سېنى ئىزدەيمەن،
ناتونۇش سۆزلەردىن ئۆزۈمنى،
30 يىل ئاۋۋالقى ئۆزۈمنى.
يېڭىدىن خەتنە قىلىنغان ئوغۇللار،
ئۇسمىسى تېخى قۇرۇمىغان قىز چاقلار،
ھېلىلا چىقىپ كېلىدىغاندەك ئالدىمغا
ئەندىكتۇرەر، زار قىلار مېنى.

قۇياش يورۇنقەدەكلا ئاسماندا
بۇلۇتلار سايە تاشلار،
تاشلىماس ئەمما،
لايىقا ئۆستەڭلەردىكى تونۇش چوقانىنى.

ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ،
تىرىكلەرنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ بولدى.

**2**

دەرەخلەر گۇۋاھ
تېخى كېسىلمىگەن قېرى دەرەخلەر،
سۆزلەپ بېرەر كەچمىشمىدىن ھېكايە.
شاخلىرىغا جىن ئۇۋۇلىغان جىگدىلەر،
باش لىڭشىتار ئۆتسەم سىلىق سىپايە.

رەڭدار تاشلار قۇم ئىچىدە جۇلالار،
شاپتۇل ھىدى كېلەر باغلار تەرەپتىن.
تاپىنىمنى كەسكەن شىشە پۇچۇقى،
ھېلىغىچە چىقماس تېخى يۈرەكتىن.
30 يىلدىن كېيىن كېلىپ ئىزلىسەم
شۇنچە شېرىن ئاغرىق تۇتتى بۆلەكتىن.

**3**

شۇنداق، شۇنداق، ئاغرىتىدۇ ھېلىھەم
چۈشۈمدىكى ئاشۇ كونا مەھەللەم.

# كۆز يوپۇرماقلىرى ناخشا ئېيتماقتا

◉ ئۆمەر مەھمۇد



## نەلەردىدۇر تال چىۋىقىم؟

ئېسىمنى بىلسەم،
مەن بىر پادىشاھ ئىدىم
چۆچەكلىمىدىكى...
مەھەللىمىدىكى قارا قۇمچاق قىز ،
بۇرنى قانايدىغان ئالىم،
چېچى بۇدۇرە  ياسىن،
قوماق باش قاسىم
پۇقرالىرىم ئىدى دائىم ...
ئۇلارغا پەرمان چۈشۈرەتتىم
بويسۇنمىسا كاللىسىنى ئالاتتىم
كۆتۈرسەملا شەمشەر بولىدىغان،
مىنگىنىمدە تۇلپار بولىدىغان
تال چىۋىق(تايىقىم)بىلەن...

بىر كۈنى
يوقاپ كەتتى ئارىمىز دىن
بۇرنى قانايدىغان ئالىم،
«ئۆلۈپ قالدى» دېدى ئاپىسى،
يىغلاپ تۇرۇپ ئاق ياغلىقى...
ئۇنى سىلىپ ماڭغان تاۋۇتنىڭ
ئارقىسىدىن يۈگرەپ ماڭغىنى
يەتتە ياشلىق پۇقرالىقى...

بىر كۈنى
توي قىلدى قارا قۇمچاق قىز
ناۋاي بولدى بۇدۇرە چاچ ياسىن
ساتىراش ئىدى قوماق باش قاسىم
مەن ئۆيدىن يىراق جايدىكى
بىر كەنتتە ئاددى مۇئەللىم...

شاھلىقىمغا شاھىد بولىدىغان
كۆتۈرسەملا شەمشەر بولىدىغان
مىنگىنىمدە تۇلپار بولىدىغان
نەلەردىدۇر تال چىۋىقىم؟!

## ئاي بىر سۆسۈن ئەر

يۇلتۇزلارغا ئوت كېتىپتۇ،
يۇمشاق سىرىق...
كېچىدىكى بىر ئۇچۇم تۈيغۇ
ۋە ئالتۇن بېلىق...

ئاي بىر سۆسۈن ئەر،
سارغۇچ ۋە تارام ـ تارام يەر...
تۆكۈلگەن ياكى كۆمۈلگەن،
شولىلاردا تەپچىرىگەن تەر...

ئۈزۈپ ئۆتتى ئالتۇن بېلىق،
مەن كۆرمىدىم ئاق ئىت كۆردى.
بارماقلىرىم چىلىق ـ چىلىق،
چىشلىرىمدە كېچىنىڭ ھىدى.
دەسسىۋەتتىم بىر قېتىم سىلىق
قورقۇنۇشۇم قورىغاندى.

ئاي بىر سۆسۈن ئەر،
يۇزلىرى غۇۋا كۆرۈنەر...
كېچە، تىنچ، قايغۇ ـ
ئاستا يەلپۈنەر...

## كۆز يوپۇرماقلىرى ناخشا ئېيتماقتا

كۆز يوپۇرماقلىرى ناخشا ئېيتماقتا،
مېنىڭ ئېسىمنى ئۇنۇتقان كەبى.
بىر قىزنىڭ قەلبىدە يارا...

ئېھتىمال سارغۇچ كەلگىنى
يۇرەكنىڭ رەڭگى،
شۇدۇر دېدىم
ئايرىلىش ئەسلى...

ۋەدىلەشكەندە
ۋەدىمىز ئايدەك ئىدى
«ئايرىلمايمىز » دېدۇق،
ئاي شۇ پېتى...

كۆز يوپۇرماقلىرى ناخشا ئېيتماقتا،
ئاي شولىسى سېپىلىپ ئاستا...

## ئانامنىڭ كۆزلىرى

ئانامنىڭ كۆزلىرى،
يىراقلارغا قارايتتى.
يىراقلاردا بىر تۈپ چىنار ،
سۇسلاپ باراتتى...

ئانام ئىككى ئوغلىنى يېتىلەپ،
كېتىۋاتقان ھېلىقى چىغىر يول
تۇتىشاتتى قۇياشقا ئۇدۇل...
لېكىن،
يېتىپ بارغان ئەمەس ھېچكىم...
بارا ـ بارا يىقىنلايتتى يۇ،
يەنە سۇسلاپ كېتەتتى بىردىن...

ئانامنىڭ كۆزلىرى،
بىر تۈپ چىنار ۋە شۇ قۇياش ئۈچۈن
تىكىلەتتى ھەر كۈنى سەھەر
نەيزە بويى ئۆرلەپ يەنە
قىزارغان شەپەقە قەدەر...

## يۇلتۇز بولۇپ يانارمىكىن كەچمىشىم

ئەسلىمىلەر ئۈپۈق تامان چۆككەندە،
يۇلتۇز بولۇپ يانارمىكىن كەچمىشىم؟
ئىختىيارسىز بىر قاراشتا ئۆتسىڭىز ،
ھاياجاندا چاراقلايتتى ئۇ بەلكىم؟

ئۆزگەرمىگەن ئەسلىدىنلا ھېچنېمە،
قۇپقۇرۇقتۇر قەلبىمىز دەك بۇ ئالەم.
سىز سۆيدىڭىز ، سۆيۈلدىڭىز ۋە يەنە،
دېيەلمىدىم ئەپسۇس لېكىن بىر دانەم.

ئۇيغىنىمەن ھەر سەھەردە تەنھالىق،
قۇچاقلايدۇ مېنى سوغۇق بىر نەپەس
ئىسمىڭىز نى چاقىرغانچە كەچ بولۇپ،
ئەسلىمىلەر قوينىدا مەن مەست ئەلەس...

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

ئۇيغۇر كىتاب توربېتى www.uyghurkitap.com



# كەچمىشلەردە ھېكمەت بار

— تاشپولات تېيىپ ئۆزى ھەققىدە نېمە دەيدۇ



◉ پاتىگۈل ئەكبەر

— ئەينى يىللىرى زىيالىي دېسە ھەممە ئادەم ھەۋەسلىنىپ، ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايتتى، زىيالىيلار ئىنتايىن ئەتىۋارلىق ھېسابلىناتتى، مەنمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئوقۇپ زىيالىي دېگەن قالپاقنى ئالساملا بولدى، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان، لېكىن ئۇنىۋېرسىتېت مۇھىتى مېنى بۇ ئويۇمدىن يالتايتى. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا يۈكسەك ئۈمىد-ئارزۇلار بىلەن ئوقۇشقا كەلدىم، شۇ يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1950 -، 1960 - يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەن مىللىي ئوقۇتقۇچىلار، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنى پۈتكۈزگەن خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بار ئىدى. 1978 - يىلى ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاياتىدىكى «باھار»ى يېتىپ كەلدى، چۈنكى شۇ چاغدا ئۇلار ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىلىمخۇمار ئوقۇغۇچىلارغا موھتاج بولۇۋاتاتتى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا مېنىڭ ئوقۇش ھاياتىم مانا مۇشۇنداق روھنىڭ پارتلىشى بولغان ياخشى شارائىت، ياخشى ۋەزىيەتكە توغرا كېلىپ قالغانىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلىسە شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن سۆزلەيتتىكى ھەربىر سۆزلىگەن نەزەرىيەۋى بىلىملىرى ئۈچۈن بىر تەجرىبە كۆرسەتەتتى، نەزەرىيەۋى بىلىملىرى بىلەن ئەمەلىي بىلىملەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ بىزنى ھەقىقىي بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيتتى، ھەربىر قەدىمىمىزدە ئالاھىدىلىكىمىز، قايسى نۇقتىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلساق بولىدۇ دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىز دىنىپ غېمىمىزدە يۈرەتتى. مۇئەللىملىرىمىنىڭ تەسىرىدە مەندىكى زىيالىي، دەپ ئاتىلىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىش ئېڭى يوقاپ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش، چوڭقۇرلاپ بىلىم ئېلىش، ئىز دىنىش ئىستىكى قوزغالدى.

بىلىم تۈگىمەس بۇلاق، ئۇ يەنە كىشىنى خۇمارمۇ قىلىدۇ، ئۆگەنگەن كىشىنىڭ داۋاملىق ئۆگەنگۈسى، ئىچكىرىلەپ كىرگۈسى كېلىدۇ. ئەينى چاغلاردا خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلە-

## تاشپولات تېيىپنىڭ كىچىك ئارخىپى

1958 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى غۇلجىدا تۇغۇلغان؛

1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن ھەمدە مەزكۇر فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچى بولغان؛

1988 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە ياپونىيە توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىراقتىن سېزىشنى ئەمەلىي قوللىنىش تەتقىقات ئورنىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى ئۇلاپ تاماملىغان؛

1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن، ھەمدە شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى «ئون مۇنەۋۋەر ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان؛

1994 - يىلى دەرىجە ئاتلاپ پروفېسسور بولغان، يەنە شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭدىكى تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان؛

1996 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا، جۇڭگو جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا، شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا، مائارىپ مىنىستىرلىقى پەن - تېخنىكا كومىتېتى بايلىق - مۇھىت بۆلۈمى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن؛

1996 - يىلى 6 - ئايدىن 2006 - يىلى 6 - ئايغىچە جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5 -، 6 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان؛

1996 - يىلى 6 - ئايدىن 2007 - يىلى 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5 -، 6 - قېتىملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن؛

2004 - يىلى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن؛

2016 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 9 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا يەنە بىر قېتىم سايلانغان؛

2010 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى زىممىسىگە ئالغان؛

30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا، 200 پارچە ماقالىسى دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان؛

20 نەپەردىن ئارتۇق دوكتور ۋە دوكتور ئاشتى، 88 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيەلىگەن.

گەنلىكمۇ ئىنتايىن چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى، شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار: «دەۋر بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىمۇ ھازىرقى پېتى تۇرۇۋەرمەيدۇ، ياخشى سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇشۇنداق مەزگىلدە جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، يېڭىلىقلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئاپلا ئۇنى ئۆگەنسەمچۇ، بۇنى ئۆگەنسەمچۇ، دېگەن بىلەن كېچىكىسلەر، شۇڭا ياشلىقىڭلاردا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىنىڭ ھەممىنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىڭلار، كېيىن پۇشايمان قىلمايسىلەر...» دەپ ھەربىر قەدىمىمىزدە بىزگە تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ تۇراتتى. مەن مۇئەللىملىرىمنىڭ تەۋسىيەسى، شۇنداقلا تىل ئۆگىنىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكىم بىلەن خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندىم، بارا ـ بارا بۇ تىللاردا يېزىلغان ماتېرىياللارنىمۇ قىينالمايلا كۆرەلەيدىغان، چۈشىنەلەيدىغان بولدۇم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كاللامدا تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئۆگەنمىسەم، تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرمىسەم، دەۋرنىڭ ئارقىدا قالىدىغاندەك، جەمئىيەتتە شاللىنىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا مىجىت خۇدابەردى، جاۋ دوگجىن قاتارلىق مۇئەللىملىرىمىز بىرنەچچەيلەننى چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى ئاساسىڭلار ياخشى ئىكەن، سىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىق تەربىيەلىسەك بولغۇدەك» دېدى ۋە ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنلا بىزنى بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن ئىنگلىز تىلى توفېل ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1985 ـ يىلى جۇڭگونىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ، ياپونىيەگىمۇ ئوقۇغۇچى چىقىرىدىغان بولدى. ياپونىيەگە ئوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن ماتېماتىكا بىلەن ئىنگلىز تىلىدىن ئىمتىھان بېرەتتۇق. ئوقۇتقۇچىلىق تەربىيەلىنىۋاتقان بىرنەچچەيلەن بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ياپونىيەگە ئوقۇشقا باردۇق.

ياپونىيەگە تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا قەلبىمدە قورقۇنچ، ئەنسىزلىك، ياتسىراش ھۆكۈم سۈردى، چۈنكى ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت پەرقى، جەمئىيەتتىكى كەسكىن رىقابەت، قىسقىسى، ياپونىيەدىكى ھەممە نەرسە مەندە بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش رىتىمىگە كۆنەلەرمەنمۇ؟ دېگەن ئەندىشە پەيدا قىلدى. مانا مۇشۇ خىل ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە بىر يىلنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدۈم، ئاستا ـ ئاستا بۇ يەرگىمۇ، بۇ يەرنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. بىر يىللىق ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن مەسئۇل ئوقۇتقۇچۇم ماڭا تۇنجى قېتىم بىر تېما بېرىپ، بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش نەتىجىسى يېزىشىمنى بۇيرۇدى. كەسپىم جۇغراپىيە بولغانلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈش نەتىجىسى يېزىشتا چوقۇم ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىم، شۇ يەرنىڭ يەر شەكلى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇشۇم كېرەك ئىدى. ياپونىيەنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى بىلەن پىششىق تونۇش بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىككى ئايلىق دالا پائالىيىتى ئېلىپ باردىم ھەم ئىككى بەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى يېزىپ ئوقۇتقۇچۇمغا بەردىم. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇنىڭغا بەكلا ياراپ كەتتى. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكى بىلەن ياپونىيەنىڭ مۇھىت ئالاھىدىلىكى سېلىشتۇرما قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ دالىلاردا، يېزىلاردا ئەمەلىي تەجرىبە ئىشلىتىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىگەنلىكى كۆپ رول ئوينىدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ياپونىيەدىكى بىر ئىلمىي ژۇرنالدا ئىنگلىزچە ماقالەم ئېلان قىلىندى. مانا مۇشۇنداق ئىزدىنىش، بىر قاتار تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا ئاستا ـ ئاستا بۇ يەرنىڭ جەمئىيىتىگە بۆسۈپ كىردىم. شۇ چاغلاردىكى كەچۈرمىشلىرىمدىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئادەم كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسى، غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئىزدەنسە، تىرىشسا ھامان ئۇنىڭدىن بىر نەتىجە ھاسىل قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ بۇ يەردىكى ئوقۇشۇم تاماملىنىشقا ئاز قالدى، مەن كۆپ ئويلىنىپ دوكتورلۇقتا ئوقۇش نىيىتىگە كەلدىم ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇدۇم. مەن دوكتورلۇق ئوقۇشنى تاماملاش مەزگىلىدە «خەلق گېزىتى» دىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ: «جۇڭگودىن بىرىنچى تۈركۈمدە سىرتقا چىققانلارنىڭ بېرىپ ـ كېلىشى ئەركىن بولىدۇ»، دېگەن سۆزىنى كۆرۈپ، يۈرىكىمدە ۋەتەنگە قايتىش ئوتى يالقۇنلىدى. مەن بىللە ئوقۇشقا بارغانلار ياپونىيەدە قېلىشنى تاللىدى، مەن قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدىم. 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ بېيجىڭدىكى چەت ئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار مۇلازىمەت مەركىزىگە بېرىپ تىزىملاتتىم. ئۇلار: «ئىلمىي ئۇنۋانىڭ يۇقىرى ئىكەن، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ قايسىسىنى تاللىساڭ بولۇۋېرىدۇ» دېدى. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىش





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئويۇم بارلىقىنى ئېيتتىم، تىز ئىملىكتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يوق ئىكەن، ئۇلار مېنىڭ تەلىپىم بويىچە تىز ئىملىككە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى قېتىپ مېنى شۇ يەرگە تەقسىملىدى.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتقاندىن كېيىن مەكتەپنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن بەش نەپەر ياش بىلەن بىرلىكتە جەنۇبقا تەتقىقات ئورنى بېكىتىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. بىز خوتەنگە بەش كۈندە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە چىرا ناھىيەسى بوستانلىقىنىڭ تارىيىش - كېڭىيىشىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بوستانلىق كېڭىيىۋاتامدۇ - تارىيىۋاتامدۇ؟ قۇملۇق بۆسۈپ كىرىۋاتامدۇ - چېكىنىۋاتامدۇ؟ قاتارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدۇق. تەتقىقاتىمىزدا كومپيۇتېر بولمىسا بولمايتتى، لېكىن ئۇ چاغلاردا كومپيۇتېر سېتىۋالغۇدەك مەبلىغىمىز بولمىغاچقا مەن ياپونىيەدە تونۇشۇپ قالغان تونۇش - بىلىش، ئاغىنىلەر بىلەن بىرلىشىپ كومپيۇتېر سېتىۋالدۇق ھەم رەسمىي تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتۇق. راستىنى ئېيتقاندا بىزدىن ئىلگىرى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات مەيدانى بەرپا قىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغانلار چىقمىغان ھەم ئۇنداق قىلىشنىمۇ ئويلاشمىغانىكەن.

بىز 1995 - يىلىدىن باشلاپ چوڭراق تېما ئېلىپ تەتقىق قىلىشقا باشلىدۇق. 1996 - يىلى ياپونىيەدىكى بىر قانچە تەتقىقاتچى مۇئەللىم بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى ھەم تەتقىقاتىمىزغا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەمكارلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيەنىڭ تەبىئىي پەنلەر فوندىغا ئىلتىماس سۇندۇق ھەم 1997 - يىلى ناھايىتى كۆپ مەبلەغكە ئېرىشتۇق، شۇنىڭ بىلەن تەتقىقاتنى بىرلىشىپ ئىشلىدۇق. تەتقىقاتىمىزنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كېرىيە دەرياسىغىچە باردۇق ھەم بوستانلىقنى قانداق قىلغاندا مۇكەممەل قوغداپ قۇمنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ؟ سۇنى قانداق قىلغاندا تېجەشلىك ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟ قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. تەتقىقاتىمىز ئاياغلاشقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدۇق. بۇ ماقالە ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپىمىزغا ئۇيۇشىدىغانلار كۆپەيدى، كىچىك تېمىلارنى ئېلىشتىن بارا - بارا دۆلەت خاراكتېرلىك، ھەتتا خەلقئارالىق تېمىلارنى ئېلىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دەرىجىگە يېتىپ باردۇق.

20 - 30 يىللىق تەتقىقات كەچمىشلىرىمدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىمەنكى، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە مۇستەھكەم ئىرادە بولۇشى، ياخشى يېتەكچىگە ئەگىشىشى، ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە بولۇشى، قابىلىيەتلىك كىشىلەر توپىغا سىڭىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ تىرىشىشى كېرەك ئىكەن، شۇندىلا غايە رېئاللىققا ئايلىنىدىكەن.

مەن 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا مۇدىر بولدۇم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن بىرەر گۇرۇپپىنىڭمۇ باشلىقى بولۇپ باقمىغان، شۇڭا ئىشنى نەدىن، قايسى خىل ئۇسۇلدا باشلاشتا گاڭگىراپ قالدىم. فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە بارا - بارا بۇ ساھەگىمۇ سىڭىپ كەتتىم ھەم تۈنجى قەدەمنى فاكۇلتېتنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن نۇقتىدىن باشلىدىم. ئۇ چاغدا جەمئىيەت يېپىق قازان ھالىتىدە بولغاچقا فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كاللىسىمۇ ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولمىغان، ئېچىۋېتىلمىگەن مەزگىللەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا پەقەت ئوقۇغۇچىلارنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇتساقلا بولىدۇ دەيدىغان ئىدىيەلا بولۇپ، ئۇلارنى يېڭىلىققا يېتەكلەيدىغان، ئىنتىلدۈرىدىغان ئىدىيە كەمچىل ئىدى. مەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتتىم ھەم ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسى بولغانىكەن، دەرس ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تەتقىقات بىلەنمۇ شۇ‑



غۇللىنىشى كېرەك، دېگەن ئىدىيەنى. ئۇلارغا سىڭدۈردۈم، چۈنكى تەتقىقات ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، تەتقىقاتنى ئوقۇتۇشنى يۈكسەلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ؛ ئىككىنچى قەدەمدە 1994 - يىلى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە يېڭى كەسپلەرنى قۇرۇش، تەجرىبىخانا قۇرۇش تەكلىپىنى سۇندۇم. مەكتەپ رەھبەرلىكى 400 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ تەجرىبىخانا قۇرۇپ بەردى، تەجرىبىخانا ياشلارنى بەكرەك جەلپ قىلدى، بارا - بارا تەتقىقاتقا قىزىقىدىغان، تەتقىقات قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى؛ ئۈچىنچى قەدەمدە بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ جەنۇب، شىمالىنى كۆزدىن كەچۈردۇق ھەم جەمئىيەتنىڭ قايسى كەسپكە موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆزەتتۇق. جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ يېڭىدىن ئىككى كەسپ تەسىس قىلدۇق. بىرى يەر باشقۇرۇش بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىزدا قانچىلىك تېرىلغۇ يەر بار، بۇ يەردىن يىلدا قانچىلىك ھوسۇل چىقىدۇ، قانچىلىك ئادەم بېقىلىدۇ؟ دېگەنلەر ئۈستىدە تەتقىقات قىلىش مۇھىم ئىكەن دەپ قاراپ بۇ كەسپنى تەسىس قىلدۇق. يەنە بىرى ساياھەت باشقۇرۇش كەسپى، رايونىمىزدا نۇرغۇن مەنزىرىسى

گۈزەل، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ساپ بولغان جايلار بار، لېكىن بۇنىڭغا قارىتا ساياھەت باشقۇرغۇچىسى يوق، بۇ كەسىپنى ئاچساق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەنزىرىگاھلارنى قوغدايدىغان كىشىلەرنى تەربىيەلەپلا قالماستىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىدۇق. بۇ ئىككى كەسىپ تەسىس قىلىنىپلا ناھايىتى كۆپ ياشلارنىڭ قىزىقىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى، بۇ كەسىپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى. دېمەك، يېڭى ئىدىيە، يېڭىچە ئۇسۇل جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ ھازىرقى ھالەتكە كېلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپلا قالماستىن يېڭى كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىمۇ ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈردى.

مەكتەپ رەھبەرلىكى فاكۇلتېتىمىزدىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، بۇ يېڭىلىقنى باشقا فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ سىڭدۈرۈش، يەنى تەتقىقات بىلەن ئوقۇتۇشنى تەڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مىقياسىدا ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ۋاقتىنىڭ



ئۆتۈشى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى چىقىرىشقا مەسئۇل بولدۇم، يەنى بۇ جەرياندا جۇڭگودىكى، ھەتتا دۇنيادىكى ئوخشاش كەسىپلەردىكى تەرەققىياتلارنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلاپ، شۇ ئارقىلىق كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەسئۇل بولدۇم.

ھازىرغا نەزەر سالساق ھازىر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كاللىسىغا: ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغانىكەن چوقۇم تەتقىقات نەتىجىسى بولۇشى كېرەك، تەتقىقات نەتىجىسى بولمىغان ئوقۇتقۇچى لاياقەتلىك ھېسابلانمايدۇ، دېگەن قاراش ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ بولدى. شۇ بىر قاتار جاپالىق تەتقىقاتلار، يېڭىلىقلار بولمىغان بولسا ھازىرقىدەك مۇكەممەل بولغان ئۇنىۋېرسىتېت مۇھىتى بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى.

مەن 2010 - يىلى مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن: بىرىنچىدىن، يېڭى پەن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، جەمئىيەت قايسى خىل كەسىپكە ئېھتىياجلىق بولسا شۇ خىل كەسىپنى قۇرۇش، شۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، جەمئىيەتكە ماسلىشىدىغان پەنلەرنى قۇرۇشنى چىڭ تۇتتۇم؛ ئىككىنچىدىن، ئادەم ئامىلىنى، يەنى ياشلارنى تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتتۇم. مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىسلاھاتلار نەتىجىسىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقىدەك تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتتى.

دېمەك، يېتەكچى بولغان كىشىدە چوقۇم ئىلغار ئىدىيە بولۇشى كېرەك، يېتەكچى بولغان كىشىنىڭ ئىدىيەسى قالاق بولسا ئۇ باشلىغان كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قالاق ھالەتتە قالىدۇ دېگەن گەپ. ئوقۇتقۇچى كونسېپىك، دوسكا بىلەن چەكلىنىپ قالسا ئوقۇغۇچى ئۆلۈك يادلاش بىلەن چەكلەنسە، ئۇ ھالدا كەسىپتە ئۇتۇق قازىنىش، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەندىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق ئوقۇغۇچى ئۆزىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش، جەمئىيەتكە پۇختا قەدەم تاشلاش ئۈچۈن مەكتەپ ھاياتىدىكى قىممەتلىك مىنۇتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشى كېرەك. شىنجاڭنى چۈشىنىش ئۈچۈن چوقۇم شىنجاڭنىڭ جەنۇب، شىماللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈش، ئېتنىك ئالاھىدىلىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى كېرەك، ئىچكى ئۆلكە، چەت ئەللەرنى بىلمەكچى بولسا، ئوخشاشلا بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرۈش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى كېرەك، شۇندىلا ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۆز كەسپى، ياشاش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئۈستىدە توغرا يەكۈن چىقىرالايدۇ. ئاخىردا ياشلارغا دەيدىغىنىم: ئادەمدە تىرىشچانلىق بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى قىلىۋاتقان ئىشىغا قىزىقىشى بولۇشى كېرەك، قىزىقمىغان ئىشقا ئۆزىنى زورلاپ تىرىشۋەرگەن بىلەن ئۇنىڭدىن نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك، باشنى ئىچگە تىقىۋېلىپ يۈرۈۋەرگەن بىلەن پۇرسەت داۋاملىق ئىشىكىڭىزنى چېكىۋەرمەيدۇ.

يېڭىچە ئىدىيەسى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھەتتا جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر قوزغىغان بۇ زاتنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشچانلىقى، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدىم، ئۇنىڭدىكى يېڭىچە ئىدىيە، يېڭىچە كۆز قاراش، يېڭىچە پىكىرلەر ياشلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش مۇساپىسىگە ماياك قىلىنىشىغا ئەرزىيدۇ. ئاخىردا تاشپولات ئۇستازنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم، ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات گۈلزارىدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ سەر خىل گۈللەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

(ئاپتور: شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتىنىڭ مۇخبىرى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com



# سېمىزلىك ۋە ساغلاملىق

◉ ئالىمجان قادىر شىپائىي



سېمىزلىك نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان ئەللەر ۋە دۆلىتىمىز يۇقىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ساغلاملىق مەسىلىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بىر قاتار كېسەللەرنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقى، تۇرمۇش سۈپىتى ۋە ھاياتىغا تەھدىت ئېلىپ كەلمەكتە.

نورمال بەدەن ئېغىرلىقى دېگىنىمىز ھەر بىر ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكىدىن 100 سانتىمېتىر (ئاياللارنىڭ 105 سانتىمېتىر)نى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى قىممەتتۇر، يەنى بوي ئېگىزلىكى 170 سانتىمېتىر بولغان ئەر كىشىنىڭ نورمال ئېغىرلىقى 70 كىلوگرام، ئايال كىشىنىڭ 65 كىلوگرام بولىدۇ.

ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى(BMI) — بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن ياكى سېمىزلىككە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ كىلو سانىنى بوي ئېگىزلىكى مېتىر سانىنىڭ كۋادراتىغا بۆلگەندىكى قىممەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئېغىرلىقى 75 كىلوگرام، ئېگىزلىكى 1.75 مېتىر بولغان بىر ئادەمنىڭ ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى 22.86 كىلوگرام بولىدۇ.

خەلقئارا سېمىزلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ 2011 ـ يىللىق دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە ھەر تۆت ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن، يەنى پۈتۈن دۇنيادا 312 مىليون سېمىز ياكى ئورۇقلاشقا تېگىشلىك ئادەم بولۇپ، بۇ ئاچارچىلىقتا قالغانلارنىڭ سانىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن. قازا قىلغان ھەر ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى سېمىزلىك ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللەردىن بولىدىكەن. كىچىكىدىن سېمىز كىشىلەرنىڭ ئۆمرى نورمال ئېغىرلىقتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا بەشتىن سەككىز ياشقىچە قىسقا بولىدىكەن.

ئامېرىكا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2014 ـ يىلىدىكى دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدىكى ئەرلەرنىڭ 20% ى سېمىز بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىن باشقا، مۇۋاپىق ھەرىكەت ۋە چېنىقىشنىڭ كەم بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىككەن.

ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نورمال ئېغىرلىقتىن ئېشىپ كەتكەن.

دۆلىتىمىزدە يېقىندىن بېرى ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەنلەر تېز كۆپەيگەن بولۇپ، تەخمىنەن 200 مىليونغا يېتىدىكەن، سېمىزلەر 60 مىليوندىن ئاشىدىكەن. بولۇپمۇ شەھەردە ياشايدىغان كىشىلەردە سېمىزلىك تېز كۆپەيگەن بولۇپ، تەخمىنەن 50% كە يېقىنلاشقان، باشقا تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن خېلى يۇقىرى بولغان(2013 ـ يىللىق ئىستاتىستىكا).

سېمىزلىك نۇرغۇن كېسەللەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى بولۇپ، ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، تۇرمۇشقا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھەممە سىستېما، ئەزالارغا دېگۈدەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئادەم بەدىنىنىڭ زەئىپلىشىشىنى ۋە ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

✣ سېمىزلىك — ساغلام ياشاش ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، سېمىز كىشىلەرنىڭ مېڭە قان تومۇر توسۇلۇش ۋە يۈرەك زەئىپلىشىش نىسبىتى نورمال كىشىلەردىن بىر ھەسسە، تاجسىمان يۈرەك كېسىلى بولۇش نىسبىتى ئىككى ھەسسە، قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش خەۋپى ئىككى ھەسسىدىن تۆت ھەسسىگىچە يۇقىرى





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولىدىكەن. ئەڭ مۇھىمى سېمىز كىشىلەرنىڭ ئۆمرى نورمال كىشىلەردىن قىسقا بولىدىكەن.

سېمىزلىك ــ يۈرەك، مېڭە ۋە قان تومۇرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇددەتلىك بومبا.

يۈرەك، مېڭە، قان تومۇر كېسەللىكلىرى ــ ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللىنىش نىسبىتى يۇقىرى، ئاسانلا مېيىپلىق ياكى ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللەرنىڭ بىرى. سېمىز كىشىلەردە ئاسانلا مېڭە، يۈرەك تومۇرى توسۇلۇش، مېڭىگە قان چۈشۈش، يۈرەك رىتىمى قالايمىقانلىشىش قاتارلىق كېسەللەر كۆرۈلىدۇ. تۇيۇقسىز ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**✣ سېمىز كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ئاسان زەخىملىنىدۇ.**

سېمىز كىشىلەر ئىسسىقتىن قورقىدۇ، كۆپ تەرلەيدۇ، ئاسان چارچاپ قالىدۇ، ئاسانلا پۇتى ئىششىپ، ۋېنا تومۇرى كۆپۈپ ياكى ئېگىلىپ قالىدۇ، ئاسان يالاڭلىشىدۇ. ھەرىكىتى ئاستا، قولايسىز بولۇپ، ئازراق ھەرىكەت قىلسىلا يۈرىكى سېلىپ، نەپىسى قىسىلىپ، نورمال ئەمگەك قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. ھەرىكىتى قولايسىزلىشىپ، ئاسانلا پۇتى قايرىلىش، سۆڭەك سۇنۇش، ماشىنا ھادىسىسى قاتارلىق زەخىمگە ئۇچرايدۇ.

**✣ ئاسانلا ئىچكى ئاجراتمىلار ۋە ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىدۇ.**

سېمىز كىشىلەردە كۆپىنچە قاندىكى شېكەر، ماي ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسى قالايمىقانلىشىدۇ. پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

**✣ نورمال نەپەسلىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.**

سېمىز ئادەمنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى زور بولغاچقا، تېخىمۇ كۆپ ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بىراق دەل ئەكسىچە سېمىز ئادەمنىڭ قورساق قىسمىدا ماي يىغىلىۋالغان بولغاچقا، نورمال نەپەسلىنىشكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئوكسىگېن ئازلاپ كېتىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە كىشىلەردە ئۆپكە ۋە يۈرەك زەئىپلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.



**✣ ئوپېراتسىيە قىلىنغاندا خەتىرى كۆپ بولىدۇ.**

تەخمىنەن 50% ئادەم ئۆمرىدە ئاز بولغاندا بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قوبۇل قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. سېمىز ئادەمگە ئۇرۇلىدىغان ناركوز دورا مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، خەتىرىمۇ كۆپرەك بولىدۇ. ماي كۆپ بولغاچقا، تىككەن يەرلىك ئورۇن ئاسان يالڭىلىنىدۇ. نەپەس، يۈرەك ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىز بولغاچقا، باشقا ئەگەشمە كېسەللەر ۋە خېيىم-خەتىرى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ.



**✣ سۆڭەك ۋە بوغۇملار ئاسان زەخىملىنىدۇ.**

سېمىز كىشىلەرنىڭ ئېغىرلىقى چوڭ بولغاچقا، سۆڭەك بوغۇملارغا چۈشىدىغان بېسىم نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئاسانلا بەل، پۇت ۋە بوغۇملار زەخىملىنىپ، نورمال ھەرىكەت قىلىشقا تەسىر قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەم تېخىمۇ سەمرىپ كېتىدۇ.

**✣ سېمىزلىك ياش - ئۆسمۈرلەرگە روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ.**

سېمىز باللار تېخىمۇ كۆپ ئوكسىگېنغا موھتاج بولىدۇ، شۇڭا ئاسانلا ئوكسىگېن يېتىشمەي ئىنكاسى ئاستا بولۇش، دىققىتىنى يىغالماسلىق، ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەنلەش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. سېمىز باللارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز بولۇپ، ئاسانلا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، سېمىز باللار تېخىمۇ ئېغىر روھىي بېسىمغا دۇچ كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر-

www.uyghurkitap.com

كتى ئاز، قولايسىز بولغاچقا مۇناسىۋەت دائىرىسى ۋە دوستلىرى نىسبەتەن ئاز بولىدىكەن، ئاسانلا باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدىكەن. شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا يالغۇز قالىدىكەن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاجىز بولىدىكەن، خامۇشلۇققا گىرىپتار بولۇش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدىكەن.

**✣ سېمىز كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى يېتىلىشى ئاستا بولىدۇ، ئاسانلا دېۋەڭلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.**

دېۋەڭلىك دېگىنىمىز ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان مېڭە ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە سۆزلەش ئىقتىدارى چېكىنىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۆۋەتتە ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان كېسەللەرنىڭ بىرى.

دېۋەڭلىكنىڭ سەۋەبى كۆپ بولۇپ، سېمىزلىك شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا 70 ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ئېغىرلىق كۆرسەتكۈچى بىر نۇقتا كۆپەيسە دېۋەڭلىككە گىرىپتار بولۇش خەتىرى 36% كۆپىيىدىكەن.

**✣ يۇقىرىقىلاردىن باشقا سېمىزلىك يەنە باللاردىكى بۇرۇن يېتىلىش، پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، ئۆپكە ئىقتىدارى، جىگەر - ئۆت كېسەللىكى، كۆزگە ئاق چۈشۈش قاتارلىق كۆپلىگەن كېسەللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.**

دېمەك، سېمىزلىك بارلىق كېسەللەرنىڭ ئانىسى. ئۇنىڭدىن باشقا سېمىز كىشىلەر تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىمۇ نۇرغۇن قولايسىزلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئاسانلا باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ.

سېمىزلىكنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ھازىرقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ئىرسىيەت، ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ قالايمىقانلىشىشى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، ھەرىكەتنىڭ ئاز بولۇشى، تۇرمۇش ئادىتى، روھىي ھالەت، فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش، خىزمەت خاراكتېرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي شارائىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېمىزلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەر گەرچە ئىرسىيەت قاتارلىق بەزى ئامىللارنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، نورمال بەدەن ئېغىرلىقىنى ساقلىشى تامامەن مۇمكىن.

ئادەم قوبۇل قىلغان ئېنېرگىيە ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەندە مايغا ئايلىنىپ، بەدەندە ساقلىنىدۇ، يەنى ئادەم سەمرىيدۇ. سەرپ قىلغان ئېنېرگىيە قوبۇل قىلغاندىن كۆپ بولغاندا بەدەندىكى ماي، ئاقسىل قاتارلىقلار پارچىلىنىپ، بەدەننى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەنى ئادەمنىڭ ئېغىرلىقى تۆۋەنلەيدۇ. شۇڭا نورمال بەدەن ئېغىرلىقىنى ساقلاشتا ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ۋە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

ئىلمىي ئوزۇقلىنىش دېگەندە ئۆزىنىڭ يېشى، بەدەن ھالىتى، كەسپى، ھەرىكەت مىقدارىغا قاراپ، ئېھتىياجىغا ماس ئوزۇقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. تاماق تاللاشقا بولمايدۇ. ئۆزىنى ئاچ قويۇش، ھالسىزلىنىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توغرا بولمىغان ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى بولۇپ ساغلاملىققا ئىنتايىن زىيانلىق.

مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش — نورمال ئېغىرلىقنى ساقلاش ۋە يۈرەك، مېڭە كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. پىيادە يول يۈرۈش، سۇ ئۈزۈش، تىكتاك توپ ئويناش قاتارلىقلار ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ھەرىكەت تۈرلىرىدۇر. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشتىكىلەر كۈندە ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، بەش مىڭدىن ئون مىڭ مېتىر ئەتراپىدا مېڭىپ بەرسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھاۋالىق، تۈز يەردە ھەرىكەت قىلغان مۇۋاپىق. تاغقا يامىشىش ياكى بىنالارنىڭ پەشتىقىدىن چىقىپ - چۈشۈش پۇتنىڭ بوغۇملىرىغا زىيانلىق. چوڭلار ئاچ قورساق ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەك، بولمىسا ئاسانلا يۈرەك - مېڭە كېسەللىكلىرى قوزغىلىدۇ.

(شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانا كادىرلار بالنىستى ئىچكى 1 - بۆلۈمدە)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

## باي بالىلار ئۆگىنىشكە، نامرات بالىلار ئويۇنغا ئامراق بولىدىكەن

ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى ( BBC ) نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا دۇنيا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بىر تۈرلۈك پۈتۈن دۇنيا خاراكتېرلىك تەتقىقاتىدىن بايقىلىشىچە ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمىسا بالىلارنىڭ تورغا چىقىشتىكى مەقسىتىمۇ ئاز-تولا ئوخشىماسلىق بولىدىكەن، يەنى ئۇلاردا «ئېلېكترونلۇق بۆلۈنۈش» ھادىسىسى يۈز بېرىدىكەن. بايراق ئائىلىدىكى بالىلار توردىن پايدىلىنىپ خەۋەر كۆرۈش ۋە ئۇچۇر يىغىش قاتارلىق ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىدىكەن، ئەمما ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارراق ئائىلىدىكى بالىلار تور ئويۇنى ياكى توردا پاراڭلىشىش بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىدىكەن. گەرچە نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردىكى بۇ ئىككى خىل بالىلارنىڭ تورغا چىقىش ۋاقتى ھېچقانچە كۆپ پەرقلەنمىسىمۇ ئەمما ئېرىشىدىغان ئۈنۈمى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىكەن.

(تۇرپان شەھەر چاتقال يېزا قاراخوجا كارىز مەكتىپىدىن كېرەمجان ئىبراھىم تەييارلىغان)



## يانفون رادىياتسىيەسىگە سەل قارىماڭ



ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفوندا تورغا چىققاندىكى رادىياتسىيە ئادەتتىكى چاغدىكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. يانفوننىڭ رادىياتسىيەسى ئادەمنىڭ يۈرەك، ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن ئەر-ئاياللاردىكى تۇغماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا يانفوندا تورغا چىققاندا، يانفون بىلەن بەدەن ئارىسىدا مۇئەييەن ئارىلىق ساقلاش؛ تېلېفونلاشقان ۋاقىت بەك ئۇزۇن بولماسلىق؛ يانفوننى ئىشتان يانچۇقىغا ياكى بويىنىغا ئېسىۋالماسلىق كېرەك. يانفوننىڭ سىگنالى ئاجىزلىغاندا ئامال بار ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

## بىلۋىلىك



* ئەگەر كېسەل كۆكرەكتە بولسا، دورىنى تاماقتىن كېيىن ئىچسە تېز ساقىيىدۇ.

* يۈرەكنىڭ ئاستى ئاغرىسا، دورىنى تاماقتىن كېيىن ئىچسە دەرھال ئۈنۈم بېرىدۇ.

* ئىلىكتە كېسەللىك بولسا، دورىنى كەچتە ئاچ قورساق ئىچسە، تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

* ئەگەر پۇت-قول ئاغرىسا، دورىنى ئەتىگەندە ئاچ قورساق ئىچسە، دەرھال ئۈنۈم بېرىدۇ.

* قۇۋۋەت دورىلىرىنى تاماقتىن بۇرۇن ئىچسە تېز پايدا قىلىدۇ.

* جىددىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار دورىنى تاماقتىن بىر ئاش پىشىم كېيىن ئىچسە تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

## تاۋۇزنى كۆپ يېمەڭ



كىشىلەر يازدا تاۋۇزنى كۆپ يەيدۇ، لېكىن دىيابېت بىمارلىرى، ئاشقازان، تال، بۆرەك ئىقتىدارى ئاجىزلار كەچتە تاۋۇزنى كۆپ يېمەسلىكى كېرەك ئىكەن. كەچتە تاۋۇزنى كۆپ يېگەندە كۆپ خىل ھورمۇنلار ئاجرىلىپ چىقىپ ئىچكى مېتابولىزىم قالايمىقانلىشىدىكەن.

يېڭى يەڭگەن ئاياللارمۇ تاۋۇزنى كۆپ يېمەسلىكى كېرەك ئىكەن. يېڭى يەڭگەن ئاياللارنىڭ تېنى ئاجىز بولىدۇ، تاۋۇز ئۇلارنىڭ ئاشقازان، تال ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بالىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا تاۋۇزنى ھەددىدىن ئارتۇق يەۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك ئىكەن.



## ۋازېلىننىڭ ئەپچىل ئىشلىتىلىشى

ۋازېلىن تېرىنى يۇمشىتىدۇ، ۋازېلىننىڭ تېرىنى يۇمشىتىش رولىدىن باشقا يەنە قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

1. قىزىق چاي قۇيۇلغان ئىستاكاننى سىرلانغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغاندا، ئۈستەل يۈزىدە ئاق رەڭلىك كۆيۈك ئىزى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا كۆيۈك ئىزى ئۈستىگە بىر ئاز ۋازېلىن سۈركەپ، ئىككى كۈندىن كېيىن داكا بىلەن سۈرتۈۋەتكەندە، كۆيۈك ئىزى يوقايدۇ.

2. ئەتىر پۇركۈيدىغان ئورۇنغا ئاۋۋال بىر ئاز ۋازېلىن سۈرتۈۋەتكەندە ئەتىرنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى خېلى ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدۇ.

3. قۇرغاق چاچنىڭ ئۇچىغا بىر ئاز ۋازېلىن سۈرتكەندە، چاچ يۇمشايدۇ.

4. زوكام ياكى زىيادە سېزىمچان بولۇپ قالغاندا، بۇرۇندىن سۇ ئېقىپ، بۇرۇننىڭ ئەتراپى قىزىرىپ ئىششىپ كېتىدۇ، بەزىدە تېرە يېرىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، بۇ ۋاقىتتا بىر ئاز ۋازېلىن سۈرتۈۋالغاندا بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ.

5. تىرناق لاكىنى سۈرتۈشتىن بۇرۇن تىرناق گىرۋىكىگە بىر قەۋەت ۋازېلىن سۈرتۈۋەتكەندە تىرناق لاكى گىرۋەككە تېگىپ كەتسىمۇ ئاسانلا تازىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

6. خۇرۇم ئاياغ، خۇرۇم سومكا قاتارلىق خۇرۇم بۇيۇملارغا ۋازېلىن سۈرتۈپ قويسا يېڭى تۇسكە كىرىدۇ.

7. ۋازېلىن بىلەن دېڭىز تۇزىنى ئارىلاشتۇرغاندا ئەڭ ئاددىي ھەم قولايلىق بولغان مۇڭگۈز ماددىسى مەلھىمى تەييار بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# دارۋازلىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى

دارۋازلىق — تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە پارسلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتى بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى دارۋازلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەسپلىشىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

◉ ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل

دارۋازلىقتا ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما «دار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەردىن ئېگىز قىلىپ قۇرۇلغان ئاددىي قۇرۇلمىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە «دار» كۆپ خىل تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ، يەنى: ئادەمنى ئېسىپ ئۆلتۈرىدىغان — جازا ئىجرا قىلىنىدىغان دار، ئات تاقىلاشتا ئاتنى باغلاپ تۇرغۇزىدىغان دار، دارۋازلىقتا ماھارەت كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان دار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، خەلق ئىچىدە دارنىڭ يەنە بۇنىڭدىن باشقا تۈرلىرىمۇ بار بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. دارۋازلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما — دار بىر دانە چوڭ ھەم ئۇزۇن ياغاچنى تىكلەپ (ئەگەر تەلەپكە لايىق ئۇزۇنلۇقتا ياغاچ بولمىسا ئىككى ھەتتا ئۈچ ياغاچنى بىر - بىرگە باغلاپ تىكلىنىدۇ)، ئۇچىغا چاسا شەكىللىك ياكى دۈگىلەك قىلىپ تاختاپەرە قۇرۇپ، ئارقان بىلەن يەرگە تارتىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن تاختاپەرىدىن يەرگە يانتۇ قىلىپ ئارقان تارتىلىدۇ. دارنىڭ ئېگىزلىكى ئەڭ پەس بولغاندا تۆت - بەش مېتىر، ئەڭ ئېگىز بولغاندا 15 ~ 16 مېتىر بولىدۇ، يەرگە تارتىلغان ئارقاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەڭ قىسقا بولغاندا سەككىز - ئون مېتىر، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 30 ~ 35 مېتىر بولىدۇ. يانتۇلۇقى ئادەتتە 30 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. مۇۋاپىق ئارىلىقتىن ئىنچىكە ئارقان تارتىلىپ يانتۇ ئارقان ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. دارنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى، يانتۇلۇق دەرىجىسىنىڭ چوڭ ياكى كىچىكلىكى، تارتىلغان ئارقاننىڭ توم - ئىنچىكىلىكى قاتارلىقلار ماھارەت كۆرسەتكۈچىنىڭ ماھارىتى ۋە ماھارەت كۆرسىتىدىغان مەيداننىڭ شارائىتى قاتارلىقلارغا باغلىق بولىدۇ.

ماھارەت كۆرسەتكۈچى ئۇزۇن بادرا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىدىن ياسالغان تەڭشەكنى كۆتۈرۈپ، ئارقان ئۈستىدە مېڭىپ ۋە ماھارەت كۆرسىتىپ، تاختاپەرگە چىقىدۇ ۋە تاختاپەردە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. تەڭشەك ئاساسلىقى ماھارەت كۆرسەتكۈچىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ماھارەت كۆرسىتىشتە ئاساسلىقى ئارقان ئۈستىدە ئالدى - كەينىچە مېڭىش، تەخسە كىيىپ مېڭىش، كۆزىنى ياغلىق بىلەن تېڭىپ مېڭىش، ئارقان ئۈستىدە ئولتۇرۇش، يېتىش، ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەنلەر ئارقان ئۈستىگە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرۇش، ۋېلسىپىت مىنىش قاتارلىق خەتەرلىك ماھارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە، دار ئاستىدا بىر بۆلۈك كىشى ناغرا - سوناي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، قوشاق ئوقۇپ، ماھارەت كۆرسەتكۈچىگە مەدەت بېرىدۇ. ماھارەت كۆرسەتكۈچى مەلۇم باسقۇچلۇق ماھارەتنى ئورۇنلاپ بولۇپ بىر قېتىم مۇناجات ئوقۇيدۇ.

ئۇنداقتا دارۋازلىق زادى قانداق پەيدا بولغان؟ بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ھەرخىل قاراشلار بار. بىزنىڭ قارىشىمىزچە دارۋازلىق قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلى. قۇياش ئېتىقادچىلىقى — قەدىمكىلەرنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادچىلىقىنىڭ يادروسى. قۇياش ئېتىقادچىلىقىدا ئالەم ئۈچ قەۋەت بولۇپ، بىرىنچى قەۋەتى ئاسمان (كۆك)، بۇ تەڭرىلەر، ئىلاھلار ياشايدىغان ماكان؛ ئىككىنچى قەۋەتى يەر، بۇ ئىنسانلار ياشايدىغان ماكان؛ ئۈچىنچى قەۋەتى جەھەننەم (يەرنىڭ ئاستى) بولۇپ، بۇ جىن - شاياتۇن،

ئالۋاستىلار ياشايدىغان ماكان. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىدە قۇياش كۈندۈزى شەرقتىن چىقىپ، يەر يۈزىنى يورۇتۇپ، كەچقۇرۇن غەربتىن يەر تېگىگە كىرىپ، جىن - ئالۋاستىلار بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلىدۇ ۋە يەر تېگىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ، ناۋادا قۇياش جىن - ئالۋاستىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالسا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، يەر يۈزىنى جاھالەت باسىدۇ، دەپ قارالغان. ئۇلار ئىنسانلارغا بەخت - سائادەت ۋە ئاسايىشلىقنى قۇياش ئاتا قىلىدۇ، بالايىئاپەت جىن - شاياتۇنلاردىن كېلىدۇ، دەپ قاراپ تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملاردا قۇياشقا مۇناجات ئوقۇش، قۇياشقا تېۋىنىش، جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

كېچىسى قۇياشقا سىمۋول قىلىپ گۈلخان يېقىپ، گۈلخان ئەتراپىنى ئايلىنىپ، مۇناجات (ياكى ناخشا) ئوقۇپ ئۇسسۇل ئويناش، پېرىخونلار جىن - شاياتۇن شەكلىدە ياكى ئۆزلىرى تۇتىم قىلغان ھايۋاناتلار شەكلىدە نىقابلىنىپ مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىش، ئىبادەتكە قاتناشقۇچىلارمۇ جىن - شاياتۇن شەكلىدە ياكى ئۆزلىرى تۇتىم قىلغان ھايۋاناتلار شەكلىدە نىقابلىنىپ جىن قوغلاش قاتارلىق دائىملىق دىنىي پائالىيەت شەكىللىرىدىن باشقا ئۆزلىرى «قۇتلۇق» دەپ قارىغان كۈنلەردە چوڭ كۆلەمدە پۈتكۈل قەبىلە ئەزالىرى قاتناشقان دىنىي مۇراسىملارنى تەشكىللەپ، قۇياش ئىلاھى ياكى كۆك تەڭرىگە نەزىر - چىراغ قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار قۇياشنىڭ كۆرمەي ياكى ئاگلىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تاغ ئۈستىگە ياكى ئېگىز، ئوچۇقچىلىقلارغا ئىبادەت سۇپىسى ياساپ، پېرىخونلار بۇ سۇپىدا تۇرۇپ دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ئۆز تىلەكلىرىنى قۇياش ئىلاھىغا ئېيتقان. تاغ ياكى تۆپىلىك يوق رايونلاردا پېرىخونلار چوڭ، ئېگىز دەرەخلەرگە چىقىپ ياكى ئېگىز موما قاداپ موما ئۈستىگە ئادەم تۇرالىغۇدەك سۇپا ياساپ ئۇنىڭغا چىقىپ قۇياش ئىلاھىغا مۇناجات ئوقۇغان ۋە تىلەكلىرىنى بايان قىلغان. «ۋېي نامە» 103 - جىلد «ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»دە: «ھون تەڭرىقۇتى ئىككى قىز پەرزەنت كۆردى، ھۆسنى - جامالى شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، پۇقرالار (ئۇلارنى) ‹ئىلاھە› دەپ قارىدى. تەڭرىقۇت ‹مېنىڭ مۇشۇنداق قىزلىرىم بولۇپتۇ، ئادەمگە مۇناسىپ كەلمەس، تەڭرى بىلەن بىرگە بولغاي› دەپ، دۆلەتنىڭ شىمالىدىكى ئادىمزات يوق يەرگە ئېگىز سۇپا ياسىتىپ، قىزلىرىنى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ‹تەڭرى ئۆزى قوبۇل قىلغاي› دېدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ بىر جەھەتتىن ھونلارنىڭ كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئىبادەت قىلىش، تېۋىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى كىشىلەر قۇياشقا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇپ تىلاۋەت قىلىش مەقسىتىدە ئوچۇقچىلىقتا ئېگىز موما (دار) قاداپ، نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرىنى مومىغا ئېسىپ ئىبادەت قىلىشقان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە، ھونلارنىڭ ھەر يىلى ئۈچ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغانلىقى، كۈز پەسلىدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش - كېمىيىش ئەھۋالى ۋە مال - چارۋىلارنىڭ ئاۋۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن باشقا قالغان ئىككى قېتىملىقنىڭ ھەممىسىدە كۆك تەڭرىگە تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلىدىغانلىقى، كۆك تەڭرىگە ئاتالغان نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرى ئېگىز سۇپا ئۈستىگە ياكى موما ئۈستىگە قويۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگىنىگە ئوخشاش، تۈركلەر ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆك تەڭرىگە تېۋىنىپ نەزىر قىلاتتى. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ 40 چى ئېگىزلىكتە ياغاچ موما قاداپ، موما ئۇچىغا توخۇ باغلاپ، ئاستىغا قوي باغلاپ نەزىر قىلىش شەكلى بايان قىلىنغان.

كېيىنچە پېرىخونلار موما ئۈستىگە تىلاۋەت سۇپىسى ئورنىتىپ، نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرىنى سۇپا ئۈستىگە قويۇپ، پېرىخون سۇپا ئۈستىگە چىقىپ تىلاۋەت قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇ خىل موما ئۈستىدىكى تىلاۋەت سۇپىسىغا چىقىپ - چۈشۈش قىيىن بولغانلىقى، شوتا قويۇلسا پېرىخوندىن باشقا كىشىلەرمۇ چىقىپ - چۈشۈپ، پېرىخونلارنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە ئىمتىيازىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر تىلاۋەت سۇپىسىغا ئارقان تارتىپ، ئارقان ئارقىلىق مېڭىپ چىقىپ تىلاۋەت قىلىشقا تەرەققىي قىلغان. پېرىخونلارنىڭ ئارقان ئۈستىدە مېڭىپ تىلاۋەت سۇپىسىغا چىقىپ چۈشۈشى — پېرىخونلارنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ بەك نامايەن قىلىپ ئۇلارنى سېھرىيلەشتۈرۈپ، «تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئارقان ئۈستىدە تۈز يولدا ماڭغاندەك ماڭالايدىغان» قىلىپ كۆرسىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى ۋە چوقۇنۇشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. بۇ خىل شەكىلدە ئىبادەت قىلىش شامانىزم دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. دارۋازلىق ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىپ كىشىلەر باشقا دىنلارغا كۆچكەندە شامان دىنىدىن ۋاز كەچمىگەن ئاتەشپەرەسلەر ئارىسىدا يەنىلا داۋاملىشىپ كەلگەن. كىشىلەر شامان دىنىدىن ئۇزۇل - كېسىل ۋاز كەچكەندىن كېيىن دارغا چىقىش — ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇنىغا ئۆزگىرىپ، سەنئەت تۈسىنى ئېلىپ، دارۋازلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىپ پۇل تېپىش ۋاستىسىغا ئايلانغان. ئارقاننىڭ ئىككى موما ئۇچىغا باغلانماي بىر مومىغا باغلىنىشى، بىر ئۇچىنىڭ چوقۇم يەرگە، بىر ئۇچىنىڭ موما ئۇچىغا باغلىنىشى، موما ئۇچىغا تاختاپەر قادىلىشى، موما چوققىسى ۋە يان ئارقانلارغا تۇغ - ئەلەملەرنىڭ قادىلىشى، دار ئاستىدا ياردەمچى ۋە ھەمدەمچىلەرنىڭ ناغرا - سۇناي چېلىشى ياكى ناخشا ئېيتىشى، مۇناجات ئوقۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن قالغان ئادەتلەردۇر.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

# كاڭشى خاننىڭ تارىخىي خاتالىقى

—— نېمىشقا زامانىۋى ئىلىم - پەن غەربتە گۈللەندى؟

◉ يېن مورىس(ئامېرىكا)

[ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاڭشى ھەققىدە توختالغاندا ئۇنىڭ چېگرانى تىنچلاندۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتتىكى تۆھپىلىرى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان بايانلار بويىچە ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ دانا، باتۇر خاقانى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. ئۇنداقتا چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى كاڭشى خان قانداق پادىشاھ؟ ئۇنىڭ تارىخىي خاتالىقى قايسى؟ كاڭشى خاننى باشقا بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەن ئامېرىكىلىق يېن مورىسنىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسى بىزنىڭ بۇ سوئاللىرىمىزغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ.

- مۇھەررىردىن ]



## نېمىشقا شەرق ئارقىدا قېلىپ، غەرب ئىلگىرى كەتتى؟

1704 - يىلى پاپا خىرىستىيان دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ يىراق جۇڭگودا ئاسترونومىيە ئىلمىنى دىنغا تەتبىقلاپ، خىرىستوسنىڭ مۇقەددەس نوپۇزىغا داغ يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئالاھىدە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى جۇڭگوغا ئەۋەتىپ مىسسىيونېرلار ۋە خىرىستىيان دىنىي مۇرىتلىرىنى نازارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كاڭشى خان بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىدىكى نىيىتىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىدى، يەنى كاڭشى خان خىرىستىيان دىنىي مۇرىتلىرى ۋە يېقىندىن كەلگەن خىرىستىيان ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەرنى توپلاشقا كۈشكۈرتىشىدىن ئەنسىرەپ دىن تارقاتقۇچىلارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ يېقىندىن ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئورگىنى تەسىس قىلىپ(خاراكتېر جەھەتتىن پارىژ پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئوخشاپ قالىدۇ) ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىن تارقاتقۇچىلارنى يېقىندىن تەسىس قىلىنغان بۇ بىلىم يۇرتىغا يېقىن كەلتۈرمىدى، بۇ يەردە جۇڭگو ئالىملىرى مىسسىئونېرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا جۇڭگوچە ئەندىزىدىكى ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا خىرىستىيان دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ بەزىلىرى جۇڭگودا ماتېماتىكىدىن دەرس بېرەتتى، ھەتتا ئالگېبرا ۋە دىففېرېنسىيال - ئىنتېگرالدىن دەرس بېرىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

كاڭشى خان بىر تەرەپتىن ئەلنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تىنچلىقىنى كۆزدە تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەجنەبىيلەر دىنى(خىرىستىيان)نىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى تەدبىرنى قوللانغانىدى، بىر ئەنئەنىۋى ھۆكۈمراننىڭ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئويلىغاندا ئۇنىڭ بۇ تەدبىرنى خاتا دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئەمما، تارىخىي نۇقتىدىن باھا بەرگەندە ئۇ ئورنىنى تولۇقلىۋېلىش تولىمۇ قىيىن بولغان چوڭ خاتالىقتا يول قويدى. يەنى كاڭشى خاننىڭ غەربلىكلەرنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش تەدبىرى جۇڭگودا زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ قويدى، يېڭى ئىلىم دەرۋازا سىرتىدا قالدۇرۇلدى. ئەينى چاغدا جۇڭگو ئاللىقاچان ياۋروپانىڭ نەچچە ئون يىل ئارقىسىدا قالغان بولۇپ، كاڭشى خاننىڭ چەكلەش تەدبىرى ۋە پاپانىڭ خىرىستىيان مۇرىتلىرىنى يىراقتىن نازارەت قىلىشى ئارقىسىدا تەرەققىياتتىكى بۇ پەرق تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە چوڭايدى.

كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا كاڭشى خاننى ئۇچىغا چىققان دۆت پادىشاھ، ئەسلىدە 18 - ئەسىردىلا جۇڭگو ئىلىم - پېنىنى غەرب بىلەن تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرالايتتى، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، دەپ قارايدۇ.

ئەھۋال راستتىنلا شۇنداقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس،

چىڭ سۇلالىسى تەختىدە ئولتۇرغان بارلىق پادىشاھلار ئىچىدە «دۆت پادىشاھ» ياكى «هاماقەت خان» دېگەن نامغا ئەڭ مۇناسىپ بولمىغىنى باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئىمپېراتور كاڭشىدۇر! ئەينى زاماندا خرىستىيان مىسسىئونېرلىرى قالدۇرغان خاتىرىلەردە ئۇ ھەققىدىكى ئىجابىي مەلۇماتلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كاڭشى خانىنىڭ ناھايىتى ھاكاۋۇر ۋە تەكەببۇر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇمات غەربلىكلەر قالدۇرغان خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇ كاڭشى خانىنىڭ ھەققەتەن ھاماقەت، دۆت پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، غەربلىكلەرنىڭ بىلىدىغىنى ناھايىتى كىچىك بىر تەرەپتىنلا ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە كاڭشى خان بىلىمگە تەشنا، ھەقىقىي مەنىدىكى زىيالىي، ناھايىتى كۈچلۈك يولباشچى، نەزەرىيەۋى بىلىمگە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ئەمەلىي ئىشلىگۈچى، شۇنىڭدەك پاراسەتلىك ۋە قاتتىق قول ئاتا(ئەينى چاغدا ئۇنىڭ 56 پەرزەنتى بولغان بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دەۋرىدىكى كاتتا ئىستېدات ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىققان، ئۇنىڭدەك ھەر جەھەتتىن مۇرەككەپ ۋە چوڭ بىر ئەلنىڭ خاقانىغا نىسبەتەن بۇ ھەققەتەن ئاسان ئىش ئەمەس).

كاڭشى خانىنىڭ غەربلىكلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ ئۇنداق سوغۇق بولۇشىدا ئەينى چاغدىكى شەرقىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى ھەم چىڭ سۇلالىسى تەۋەسىدىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئەلنى تىنچ قويماسلىقى، شۇنىڭدەك چېگرا ئىچىدىكى تىنچىمايۋاتقان ئىسيانلار سەۋەبلىك بولغانىدى. گەرچە كاڭشى خان بىلىملىك، زىيالىي تەبىئەتلىك خان بولسىمۇ ئۇ ئاۋۋال بىر ئەلنىڭ پادىشاھى بولغىنى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئەمىنلىكىنى چىڭ تۇتۇشى زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ غەربلىكلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە باردى ـ كەلدى قىلىشنى ئويلىسىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن بەزى مۇھىم سىياسىي تەدبىرلەرنى يولغا قويىدى، بۇنىڭ بىرى چېگرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان يايلاق قوۋملىرىغا قارىتىلغان «يايلاق يولىنى تاقاش تەدبىرى» بولدى. 2000 يىلدىن بېرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھلار «كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىدىن يۇقىرى، جەڭ قوراللىرى ۋە جەڭ تېخنىكىسى جەھەتتىن زور ئەۋزەللىككە ئىگە، شۇڭا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغاندىن كۆرە ئۇلپان تاپشۇرۇش، قۇدىلىشىش ۋە سودىلىشىشنىڭ خەتىرى تېخىمۇ تۆۋەن» دەپ قاراپ كەلگەنىدى، قورۇلدىن كىرىپ ھوقۇق تۇتقىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان، دۆلەت ئىچىدە كونا ھاكىمىيەتنىڭ قالدۇقلىرى يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىمۇ يۇقىرىقى تەدبىرنى ۋاقىتلىق قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. غەربلىكلەر جۇڭگوغا كېلىپ ئىلىم تارقىتىشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا كاڭشى خانمۇ يۇقىرىقى ئەھۋالغا، يەنى ئەتراپتىكى يايلاق مىللەتلىرى بىلەن ئوردا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. يۇمشاق ۋاسىتىلەرنىڭ ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمىغىنى ئۈچۈن 17 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇ «يايلاق يولىنى تاقاش تەدبىرى» يولغا قويىدى.

بۇ چاغلاردا كاڭشى خانىنىڭ غەربلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ياخشى ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن تارتىپ كاڭشى خان غەربلىكلەر بىلەن قويۇق ئېلىم ـ بېرىم قىلىپ كەلدى، لېكىن 1704 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ قارىشىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى، يەنى غەربلىكلەرگە زىيادە گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلاردىن كېلىدىغان خېيىم ـ خەتەرگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خانلىق تەخت ۋە دۆلەتنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەنە بىر تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىر ـ غەربلىكلەرنى چەكلەش تەدبىرىنى يولغا قويدى. ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ئەھۋالىدىن



ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئاقىلانىلىك بىلەن چىقىرىلغان قارار ھېسابلىناتتى، چۈنكى غەربلىك مىسسىئونېرلار ئۆزى بارغان بەزى ئەللەردە قوترىتىش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەردە بولۇپ، بۇ ئەللەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئېغىر خەۋپ كەلتۈرۈشكە باشلىغانىدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم ھۆكۈمرانلار 16 ـ ئەسىردىلا غەربلىكلەرنى چەكلەش تەدبىرىنى يولغا قويۇشقا باشلىغانىدى، 1613 ـ يىلىدىن باشلاپ غەرب مىسسىئونېرلىرى ياپونىيەدە دىن تارقىتىشقا باشلىدى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق چەكلەش تەدبىرى قوللانمىدى.1637 ـ يىلىغا كەلگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەسئۇنېرلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ياپونىيەدە بىر مەيدان شىددەتلىك ئىنقىلاب پارتلىدى، گەرچە تېز لا باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ بۇ شەرقتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ غەربلىكلەردىن ئېھتىيات قىلىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى ۋەقە شەرقتىكى بىر قىسىم ھۆكۈمرانلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان ھەرقانداق ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلىشىنى بىر زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. كاڭشى خاننىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ شارائىتتا چىقارغان ئۇ ھۆكۈمى خاتا ئەمەس، خاتا بولغىنى كاڭشىدىن ئىبارەت زىيادە دانا سىياسىيوننىڭ مۇشۇنداق بىر تارىخىي ۋەزىيەتتە تەختتە ئولتۇرۇپ قالغىنى بولدى!

مەيلى ئەھۋال قانداقلا بولسۇن بىز نىڭ باشقا بىر سوئالنى سورىشىمىز ناھايىتى تەبئىي. ئومۇمىي ۋەزىيەت شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ كاڭشى خان غەرب ئىلىم – پېننىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلىگەن بولسا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇپ 18 – ئەسىردىكى غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتەلەرمىدى؟

مېنىڭچە بۇ سوئالغا مۇتلەق توغرا جاۋاب بېرىش قىيىن. دەرۋەقە، جۇڭگو ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپانىڭ غەربىي شىمالى بىلەن ئوخشاش بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. جۇڭگونىڭ بەزى مۇتەپەككۇرلىرىمۇ ئوردىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپانىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، 18 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرى دەي جىن (گو يەنۋۇغا ئوخشاش تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار، كۆپ قېتىم ئىمتىھانغا قاتناشقان بولسىمۇ كېجۈي ئىمتىھانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىدىن ئۆتەلمىگەن) غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭكىگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «تەبىئەت ئۆز مېخانىزمىغا ئىگە، ئۇ ھېچقانداق غەرەز ۋە مۇددىئاسىز ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئەمەلىي ئانالىز ۋە تەكشۈرۈشلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ» دەپ قارىغان. لېكىن دەي جىن ئۆز دەۋرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن قەدىمىي ئەسەرلەر تەتقىقاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەمىشە ئۆز نەزەرىيەسىگە جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەسەرلەردىن مىسال كەلتۈرگەن، شۇڭا ئاخىردا جۇڭگونىڭ بۇرۇنقى شان – شەرىپى ۋە سەلتەنىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە دەپ قارىغان. دەي جىنغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، غەربلىكلەر بۇ مەسىلىلەرگە ئۆز ھېسسىياتىنى ئارىلاشتۇرۇۋالماستىن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن جاۋاب ئىزدىگەن.

غەربلىكلەرنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان بويىدىكى ئۆز ئارا قىلىشقان جەڭگى – جېدەللىرى «ئىلىم – پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرمۇ يوق؟» دېگەن بۇ يېڭى مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تېپىش تەقەززاسىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە نيۇتون ۋە لېيبنىزغا ئوخشاش قىيىن ئىلىم – پەن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان ئالىملار ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر ئويلاشقىمۇ يېتەلمەيدىغان دەرىجىدىكى شان – شەرەپ ۋە بايلىققا ئېرىشتى. لوك ۋە ۋولتېرغا ئوخشاش يېڭى نەزەرىيە تەشەببۇسچىلىرى بولسا ئاكتىپ بولغان ئىلىم – پەن تەرەققىياتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەندى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا كاڭشى خاننىڭ چېگرادىكى ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان قوۋملارغا قاراتقان تەدبىرى ناھايىتى ئۇلۇغ بولدى. بىز بۇنداق دېيىش ئارقىلىق كاڭشى خان غەلىيان كۆتۈرگەن يايلاق قوۋمىنى قارا قويۇق باستۇرۇپ قىرىۋېتىشى كېرەك ئىدى، دېمەكچى ئەمەسمىز. بەلكى ئۇرۇش جەريانىدىكى تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، يايلاق يولى ئارقىلىق كېلىش ئىمكانىيىتى بولغان زامانىۋى ئىلىم – پەن ئۆگىنىشنى تەكىتلىمەكچى ۋە يايلاق يولىنى تاقاشنىڭ تارىخىي خاتالىقىنى يەنە بىر نۇقتىدىن سۆزلەپ ئۆتمەكچى، خالاس.

ئۇنداقتا غەربلىكلەردىن ئايرىۋېتىلگەن ئاشۇ ئىلىم ئەھلىلىرى ھەقىقەتەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، كاڭشى خان يېڭىدىن بەرپا قىلغان ئىلىم ئورگىنىدىكى زىيالىيلار ئوردىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن يۇقىرى مائاش ۋە ئۈزۈلدۈرمەي بېرىلىۋاتقان تارتۇقلاردىن سېسىق كېكىرىشىپ، دۆلەتتىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل – ماللارنى ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلىشۋەتتى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئالدىراش يۈرگىنى بىلەن ماھىيەتتە ھېچبىر ئىلىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمىدى. ئۇلار دىففېرېنسىيال ۋە ئىنتېگرالنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى، يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان – قىلمايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە چوڭقۇرلاپ پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئەخمىقانىلىق دەپ قارايتتى. ئۇلار پەقەت باشقىلار ئاللىقاچان قىزىقماس بولغان كونا ئىلىملەرنى ھە دەپ قېدىرىشىنلا ياخشى كۆرەتتى، يەنى ئۇلار قەدىمكىلەردىن قالغان ماتېماتىكا ۋە تېبابەتكە ئائىت توم – توم كىتابلارنى يادلاش، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى تۈرلەرگە ئايرىش بىلەنلا كۇپايىلەندى، مانا بۇلار بۇ ئىلىم ئورگىنىدىكى ئەڭ چوڭ تەتقىقات تۈرلىرىدىن ئىدى...

مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر ھەم غەرب – شەرقنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەپەككۇر ئەندىزىسى ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان تەرەققىيات يۈنىلىشى ۋە ئاقىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. بۇنىڭدا كاڭشى خاننىڭ باش تارتىپ بولماس تارىخىي مەسئۇلىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

(جۇڭگو نەشرىياتى تەرىپىدىن 2014 – يىلى 5 – ئايدا نەشر قىلىنغان «غەرب قاچانغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» ناملىق كىتابتىن تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكتالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com



# قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ ئابىدىسى – كىروران

◉ غالىب بارات ئەرك

كىروران قەدىمىي تارىخنىڭ، پارلاق مەدەنىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ تارىم، كۆنچى ۋە چەرچەن قاتارلىق ئەزىم دەريالارنىڭ شارائىتىدىن بەرپا بولغان. بۇ يەردە بۇندىن 6 ~ 7 مىڭ يىللار ئىلگىرى يەنى سىپتا تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانلار ياشىغان ھەمدە بۇندىن 2200 يىللاردىن بۇرۇنلا شەھەر بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ ھاكىمىيەت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى77 – يىلى لوپنۇر كۆلى بويىنى مەركەز قىلغان كىروران بەگلىكى ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى مەركەز قىلغان چەرچەن بەگلىكلىرىگە پارچىلانغان. مىلادىيە 3 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەرچەن بەگلىكى كىروران بەگلىكىنى بويسۇندۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇھىم ھەم چوڭ بەگلىكنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئەسلىدىكى تېررىتورىيەسى بولغان نىيا، چەرچەن دائىرىسىگە كىروران رايونىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلەنگەن ۋە ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن چېگرالانغان. ھازىر ئەينى ۋاقىتتىكى كىروران بەگلىكى تەسەۋۋۇر قىلىدىن كۆپ مۇكەممەل ھاكىمىيەت ئىكەنلىكى، مۇكەممەل قانۇن – تۈزۈمى، ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى، ئۆزگىچە خاس مەدەنىيىتى بارلىقى نامايان بولماقتا.

**كىرورانىنىڭ ئورنى:** كىروران شەھىرى خارابىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپى غاشۇن قۇملۇقى، شەرقىي جەنۇبى لوپنۇر كۆلى ۋە قۇمتاغ قۇملۇقى، شىمالىغا قۇمتاغ قۇملۇقى جايلاشقان، باشقا تەرەپلىرى تارىم ۋە كۆنچى دەرياسى ھاسىل قىلغان ئۈچ بۇرجەك رايون بولۇپ، ئىككى دەريانىڭ ئېقىنى ھاسىل قىلغان كۆللەر ۋە چاتقاللىقلاردىن ئىبارەت. كىروران چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى لوپنۇر كۆلىگە يېقىن جايلاشقان، تارىختىكى لوپنۇر كۆلى كۆنچى ۋە تارىم دەريالىرىنىڭ ئاياغ قويۇلۇش ئورنى بولغان. كىروران شەھىرى ۋە كىروران بەگلىكى مانا مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى مەركەز قىلغان ھالدا بەگلىك ۋە مەدەنىيەت ياراتقان. كۈنىمىزدە كىروران شەھىرى دەپ تونۇلۇۋاتقان قەلئە شەرقىي ئۇزۇنلۇق "22′55 ° 89، شىمالىي كەڭلىك "29′55 ° 40 قا جايلاشقان. بۇ قەلئە سېپىلىنىڭ شەرقىي تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 333.5 مېتىر، جەنۇب تەرىپى 329 مېتىر، شىمالىي ۋە غەرب تەرەپلىرى 327 مېتىردىن بولۇپ ئۆلچەمسىز كىۋادراتقا ئوخشايدۇ، كۆلىمى 108240 كىۋادرات مېتىر. شەھەر لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ ئارىلىقى 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان بۇ شەھەر خارابىسى ناھىيە بازىرىنىڭ 220 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، كۆنچى دەرياسى بىلەن ئەڭ يېقىن ئارىلىقى 16 كىلومېتىر.

**كىرورانىنىڭ بايقىلىشى:** كىرورانىنىڭ بايقىلىشىدا ئۆزگىچە خاس ھېكايىسى بار. يازمىلارغا ئاساسلانغاندا شۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، جۇغراپىيە ئىلمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دوكتورى سېۋىن ئاندېرىس ھېدىن (1952 ~ 1865) تارىم ۋادىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان. رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى نىكولاي مىخايلوۋىچ پىرژېۋالسكى (1888 ~ 1839) لوپ رايونىدىكى تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان لوپنۇر كۆلىنىڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل ئىكەنلىكى، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى يازمىلىرىدا خاتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن سېۋىن ھېدىننىڭ گېرمانىيەلىك ئۇستازى، داڭلىق ئالىم رىچخوفېن پىرژېۋالسكىنىڭ قارىشىنى رەت قىلىپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ تۇزلۇق كۆل ئىكەنلىكى، پىرژېۋالسكى ئوتتۇرىغا قويغان كۆل بىلەن بىر جايدا ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن. سېۋىن ھېدىن مۇشۇ مەسىلىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنى — قۇم دەريادىكى تەكشۈرۈشلىرىنى تاماملاپ، تۇزسىز كۆل — قاراقوشۇن كۆلى (پىرژېۋالسكى ئېيتقان لوپنۇر كۆلى)گە قاراپ يولغا چىققان. 1900 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يولغۇنلۇق بىر ئويمانغا يېتىپ كېلىپ، تەكتىدە بۇلاق بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئويلىشىپ قۇدۇق قازماق بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا گۈرجەكنىڭ قېزىلغان ئالدىنقى خارابىدە ئۇنتۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. 1899 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چارادا ياللىغان لوپلۇق يىگىت ئۆردەك ئۆزىنىڭ تېپىپ كېلىشنى خالايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. قۇملۇقتا تەرەپلەرنى بەش بارمىقىنى پەرق قىلغاندەك پەرق ئېتەلەيدىغان ئۆردەكنىڭ بېرىپ، مۇشۇنچە كىشىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى بەلگىلەيدىغان بۇ گۈرجەكنى تېپىپ كېلىشكە قوشۇلغان سېۋىن ھېدىن ئۆزى مىنۋاتقان ئېتىنى بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بوران پەسلى باشلانغان مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنى يالغۇز يولغا سېلىش تەۋەككۈلچىلىك ھېسابلىناتتى. پەرەز قىلغىنىدەك ئۆردەك كېتىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ بىر كۈن داۋام قىلغان. ئۆردەك قاتتىق بوراندا ئىزىنى يوقىتىپ قويۇپ بىر شەھەر خارابىسىگە بېرىپ قالغان. ئۇ گۈرجەكنى تېپىپ كېلىش بىلەن بىرگە يۇقىرىقى خارابىدىن ئويما نەقىش بار ياغاچ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆردەك ئېلىپ كەلگەن يادىكارلىقلارنى كۆرگەن سېۋىن ھېدىننىڭ

كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتكەن ۋە دەرھال بېرىپ تەكشۈرگۈسى بولسىمۇ ئەترەتتىكىلەرنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆردەككە كېلەر يىلى كېلىپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇ يەرگە باشلاپ بېرىشىنى تاپىلاپ، بويىندىن سۆرىگەندەك بولۇپ قاراقوشۇن كۆلىگە قاراپ يولغا چىققان. مۇشۇ ھەقتە ئۇ «ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى سەككىز يىللىق (1935 ~ 1927) ئېكسپېدىتسىيە» ناملىق كىتابىدا: «1900 ـ يىلى، ئۇ (ئۆردەك) ماڭا ئەگىشىپ كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنىدىكى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان، شۇنداقلا شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەدىمكى كروراننى بايقاش خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى»، دەپ يازغان. مانا مۇشۇ بايان‍دىن كروراننىڭ بايقالغان ۋاقتىنىڭ 1900 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىكەنلىكىنى، بۇ خارابىگە ئەڭ دەسلەپ قەدەم باسقۇچى ئۇيغۇر يىگىتى ئۆردەك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋېنگرىيەلىك يەھۇدىيلاردىن بولغان داڭلىق ئارخېئولوگ، دوكتور سېر مارك ئاۋرال ستەيىن (1943 ~ 1862) خاتىرىسىگە يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا ئۇ، 1931 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى (چارشەنبە) 25 ئۆيلۈك ئادەم بار «چارا» مەھەللىسىگە كەلگەندە ئۆردەك بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «چارانىڭ شاڭيۇسىنىڭ كۆتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق... يېڭىكۆلدە قۇداي قۇلۇ بىلەن كۆرۈشەلىدۇق، شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا يەنى 1900 ـ، 1901 ـ يىلى سېۋىن ھېدىننىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى يەنە بىرەيلەن ئۆردەك ئوماق شاڭيۇنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە شادلىقىمغا شادلىق قوشۇلدى. ئۇ بۇ يىل 60 ياشتا بولسىمۇ يېشىدىن خېلىلا قېرى كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭغا سېۋىن ھېدىننىڭ يەنە كەلگەنلىكىنى ئېيتتىم، يەنە ئازراق ئىنئام بەردىم»، دېيىشى ستەيىنىڭمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلغان ۋاستىلىك بايانى بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر كروراننىڭ بايقىلىشىنى 1901 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە، دەپ قارايدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە شەھەر قەلئەسىنىڭ قېزىلغان ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. 1901 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى ئېكسپېدىتسىيەنىڭ بېشىدا ئايىغىدا ئۆردەك بار، ئەمما ئاشۇ خارابىنى قازغاندا كۆرۈلمەيدۇ، بۇ مەسىلە بىر مۇئەمما بولۇپ قالدى. سېۋىن ھېدىن «شىزاڭ ئېكسپېدىتسىيەسى» (خەنزۇچە نەشرى نامى «غەربىي قۇتۇپقا ئېكسپېدىتسىيە»( ناملىق كىتابىدا: «كېيىنكى بىر قانچە كۈندە ئەترىتىمىز ئەتراپتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۆردەك بايقىغان خارابىنى قايتىدىن تاپتى ۋە شۇ يەردىكى بىر كىچىك ئالاھىدىرەك ئىبادەتخانا ئىزناسىنى قازدى، بۇددا پورترېتى ۋە باشقا نەرسىلەر بار بىر نەچچە ياغاچ ئويمىنى بايقىدى. ئەڭ مۇھىم بايقاش كىچىك تارىشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يېزىقنى ھېچكىم ئوقۇيالمايتتى. شاگىرتۇر مۇشۇ تارىشىنىڭ بايقىغۇچىسى، شۇڭا ئۇ ئون سەر پۇل ئىنئام ئالدى. مەن ئۇلارغا كىمكى يېزىق بار نەرسە تاپسا ئىنئامغا ئېرىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدىم. يۇقىرىقىدەك نەرسىنى بايقىغانلارغىمۇ ئوخشاش مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدىم، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى، ھەتتا تاماق يېيىش ۋە ئۇخلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرىشمىدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئويلىغىنىمدىنمۇ كۆپرەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. موللا ئالدى بىلەن خەنزۇچە خەت بار بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ كەلدى، شۇندىن كېيىن يەنە نەچچە 100 پارچە خەت بار قەغەز پارچىسى تېپىلدى، بۇ ئېرىشىش تەس بولغان ئامەت ئىدى. بۇ ئاق قەغەزدىكى قارا خەتلەر ئارقىلىق مۇشۇ يادىكارلىقلارنىڭ تولىمۇ قەدىمىيلىكىنى ھەم شۇ جاينىڭ نامىنى ئىسپاتلىشىم كېرەك ئىدى، بۇ ئۈمىدىممۇ يەردە قالمىدى. ۋىسبادېندىكى ھىملاي ئەپەندى نامدار، ئىلىمگە تولغان خەنزۇشۇناس ئىدى. ئۇ شۇ يازمىلارنى ئوقۇپ چىقتى ھەمدە كۆپ قىسمىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ مىلادىيە 264 ~ 270 ـ يىللارغا مەنسۇپلىقىنى كۆرسەتتى. بىز يەنە شۇ شەھەرنىڭ نامىنىڭ كروران (楼兰) ئىكەنلىكىنى ئىگىلىدۇق»، دەپ يازغان. دېمەك، ئۆردەك بايقىغان خارابىدىن تېپىلغان يازمىلار شۇ خارابىنىڭ نامىنىڭ «كروران»

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ خارابىنى ئۆردەكنىڭ 1900 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بايقىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۆردەكنىڭ بايقىغىنى ئەمەلىيەتتە كىروران شەھىرى قەلئەسى (LA) بولماستىن ئۇنىڭ شەھەر رايونى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ سېۋېن ھېدىننى 1901 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەردىن ۋەتىنىگە، يەنى شۋېتسىيەگە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتقان، بەزى ۋەقەلەر تېخىچە مۇئەمما بولۇپ تۇرماقتا.

كىروران شەھىرى، دائىرىسى، ۋەيران بولۇشى كىروران شەھىرى تىلغا ئېلىنسا كۆپىنچە كىشىلەر يۇقىرىقى قەلئەنى تونۇيدۇ، بۇ تونۇش سەۋەنلىكتىن ئىبارەت. ستەيىن تەرىپىدىن LA شەرتلىك بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن بۇ خارابە كىروران شەھىرى تەۋەسىدىكى بىر قەلئە (بەلكىم مەركىزى)دىن ئىبارەت، خالاس. لوپ رايونىدا شەرقىي شىمال بورىنىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلگىنىدەك، خارابىلەرنىڭ ئېگىزلىكلەرگە جايلاشقانلىقىنى ھەم بىلىمىز . لوپ رايونىدا يەنە كۆپلىگەن ياردائىڭلىقلار بايقالغان، مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئېيتىش مۇمكىنكى، كۈنىمىزدە كۆرۈۋاتقان خارابىلەر پەقەت يەر تۈزۈلۈشى قاتتىقراق جايلاردا ساقلىنىپ قالغان ئىزلاردىن ئىبارەت. ئالىملارنىڭ ئىزاھلىشىچە، بۇ يەردىكى كۈچلۈك شەرقىي شىمال بورىنى يەر يۈزىنى 6 ~ 7 مېتىر ئويۇۋەتكەن، شۇڭلاشقا ئېگىزلىكلەردىكى ساقلىنىپ قالغان خارابىلەرلا ساقلىنىپ قالغان ۋە كۈنىمىزدە نامايان بولغان. «خەننامە»دە كىروران ئاھالىسىنىڭ 14 مىڭ 100 ئىكەنلىكى يېزىلغان، مۇشۇ ئاھالىنىڭ قانچىلىكى يۇقىرىقى تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 300 نەچچە مېتىر بولغان قەلئەگە سىغىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2003 - يىلى 14 - فېۋرال سانىدا يېزىلغان، كىرورانىنىڭ كۆلىمى 100 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، دېگەن بايان بىلەن كىرورانشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتىدىكى تاۋ تەنلياڭنىڭ «كىروران شەھىرى نۇرغۇن شەھەرلەردىن تۈزۈلگەن، بىز كىروران دەۋاتقان خارابە ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى» دېگەن قاراشلارغا مايىللىق بىلدۈرىمەن. ئومۇمەن ئالغاندا ستەيىن قازغان خارابىلەرنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن LA، LB، LC، LE، LF، LC، MA، FO، LD، LE، LG، LF، LK، LI، LJ، LL، LM، LR، LQ دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. خۇاڭ ۋېنبى بايقىغان تاشقورال ئىزلىرىنى Lㄎ، Lㄉ، Lㄊ، Lㄐ، Lㄗ شەرتلىك بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. جۇڭگو - شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەزالىرى بايقىغان ئىزنالارنى نومۇر بىلەن ئىپادىلىگەن. دېمەك نۇرغۇن خارابىلەر تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ۋەيران بولغان بولسا يەنە بىر قىسمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن، مانا بۇلار كىروران شەھىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. كىروران شەھىرى قاچان بەرپا بولغانلىقى ھەققىدە سىما چيەن «تارىخىي خاتىرىلەر»دە ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇر قالدۇرغان. مۇشۇ ئەسەردە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە كىرورانىنىڭ شەھەر ئىكەنلىكى ھەمدە لوپ كۆلىگە يېقىن جايلاشقانلىقى يېزىلغان. مۇشۇ ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇن قۇرۇلغانلىقىنى جەزم قىلىش مۇمكىن. كىروران شەھىرىنىڭ ۋەيران بولغان ۋاقتى ھەققىدىكى ئومۇمىي قاراش خەنزۇچە تېپىلمىنىڭ ئاخىرقى يىلى 330 - يىلى چەك قىلىنغان بولغاچقا 4 - ئەسىر دەپ قارالماقتا، ئەمما راھىب فاشيەننىڭ 399 - يىلى كىروراندىن ئۆتۈپ (بۇ بىر ئېھتىماللىق) قاراشەھەرگە بارغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا شۇندىن كېيىنكى دەۋردە ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ھۇن ئەۋلادلىرىدىن بولغان جۈرچى ئۇرۇغلىرىنىڭ مىلادىيە 442 - يىلى تۇرپانغا بېرىشتا ئاۋۋال كىرورانىنى ئىشغال قىلغانلىقىمۇ قارىشىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ شەھەر شۇنىڭدىن كېيىن 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 7 - ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن ۋەيران بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. كىروران بەگلىكىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ھۇن پادىشاھى مودۇ (باتۇر) خەن پادىشاھىغا يازغان مەكتۇبىدا كىروران قاتارلىق 26 ئەلنىڭ بىرلەشكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. مۇشۇ ئۇچۇردىن قارىغاندا كىروران بەگلىكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇن قۇرۇلغان ۋە شۇ دەۋردە ھۇنلارغا قارام بولغان. كىروران بەگلىكىنىڭ ئۇيسۇن خانلىقى قاتارلىق چوڭ ئەللەر بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىشى، جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئەمەلىي كۈچ، ئىناۋەت جەھەتتىن بولسۇن كىروران بەگلىكىنىڭ خېلى يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىسپاتىدۇر. كىروران بەگلىكىنىڭ يىمىرىلگەن ۋاقتىغا كەلسەك مىلادىيە 445 - يىلى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرورانىنىڭ ئاخىرقى بېگى جېندانىڭ ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەمەلىيەتتە 442 - يىلى ھۇن ئەۋلادلىرىنىڭ لياڭ سۇلالىسىنىڭ 10 مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنىڭ دۈنخۇاڭدىن چېقىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كىروران - چەرچەن ھۆكۈمرانى بەگروگنىڭ ئاھالىنىڭ يېرىمى ( 4000ئۆيلۈكتىن ئارتۇق)نى باشلاپ سارمادان (ھازىرقى چەرچەن)غا قاراپ كۆچۈشى نەتىجىسىدە شەھەرمۇ، بەگلىكمۇ چۆلدەرىگەن، ھۇنلار جېندانى داۋاملىق بەگلىككە تەيىنلىگەن بولسىمۇ 445 - يىلى ۋېي سۇلالىسى ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا خەنبا ئىسىملىك بىرەيلەننى كىروران - چەرچەن رايونىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. مانا مۇشۇلاردىن قارايدىغان بولساق بۇندىن 2200 يىللاردىنمۇ بۇرۇن قۇرۇلغان كىروران شەھىرى ۋە بەگلىكى مىلادىيە 445 - يىلى بەگلىكنىڭ يىمىرىلىشى، 600 - يىللار ئەتراپىدا شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچكەن، ئەمما تارىخىي يازمىلاردا ئۇزۇن زامانلارغىچە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىنىڭ نامى سۈپىتىدە زىكرى قىلىنىپ تۇرغان.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيەلىك تېلېگراف شىركىتىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# نېمىشقا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى رەت قىلدىم

● ژان پول سارتىرى (فىرانسىيە)

سارتىرى (1905 ~ 1980) فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ، مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى، مۇنەۋۋەر ئەدەبىياتچى، ئوبزورچى، دىراماتورگ، جامائەت ئەربابى. ئۇنىڭ مول پىكىرگە، ئەركىنلىك ۋە ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش روھىغا تويۇنغان ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن 1964 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بىراق، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ بۇنداق كاتتا مۇكاپاتنى قىلچە ئىككىلەنمەي رەت قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر بولسا كېرەك. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ «نېمىشقا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى رەت قىلدىم» ناملىق باياناتىنىڭ تولۇق تېكىستىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

بۇ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ماڭا بېرىلىپتۇ، ئەمما ئۇنى رەت قىلدىم. مەن بۇ ئىشنىڭ غۇلغۇلا قوزغايدىغانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. رەت قىلىشىمنىڭ سەۋەبى، بۇنىڭدىن تولىمۇ كېچىكىپ خەۋەردار بولغانلىقىمدا. مەن 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «فىگارو ئەدەبىيات گېزىتى» دىن مەزكۇر گېزىتنىڭ شىۋېتسىيەدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىم ھەققىدىكى خەۋىرىنى ئوقۇدۇم. شۇ ۋاقىتتا مەن پەقەت شىۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسىگە بىر پارچە خەت يازسامىلا ( ئەمەلىيەتتە، ئەتىسىلا مەزكۇر ئاكادېمىيەگە بىر پارچە خەت يازغاندىم) بۇ ئىشنى چوقۇم ئۆزگەرتەلەيمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق بىر ئادەم مېنى قايتا نامزاتلىققا كۆرسەتمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئۇ ۋاقىتتا مەن شىۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىنىڭ پىكرىنى ئالمايدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. مەن يەنىلا ئۇلارغا يازغان خېتىم ئارقىلىق بۇ ئىشنى دەل ۋاقتىدا توسۇپ قالالايمەن، دەپ ئويلىدىم. بىراق، شىۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسىنىڭ چىقارغان قاراردىن ھەرگىز يانمايدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەردار ئىدىم.

مېنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى رەت قىلىشىمدىكى سەۋەب شىۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى، شۇنداقلا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز ئىدى. خۇددى ئۇلارغا يازغان خېتىمدە ئېيتقىنىمدەك مېنىڭ بۇ مۇكاپاتنى رەت قىلىشىمدا شەخسىي سەۋەب ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەب بار.

شەخسىي سەۋەب بولسا مەزكۇر مۇكاپاتنى رەت قىلىشىم ئالدىراپ - تېنەپلا قىلىنغان ھەرىكەت ئەمەس، مەن ھۆكۈمەت تەرەپتىن كەلگەن شان - شەرەپنى ئەزەلدىن رەت قىلىپ كەلدىم. مەسىلەن، 1945 - يىلى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بەزىلەر ماڭا شەرەپ ئوردېنى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن مەن بۇنى رەت قىلدىم. بەزىلەر ماڭا








فرانسىيە ئىنستىتۇتىغا كىرىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى، بىراق بۇنىمۇ رەت قىلدىم.

بۇ خىل پوزىتسىيە يازغۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتكە بولغان كۆز قارىشىمدىن كەلگەن. ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېنىق پوزىتسىيەگە ئىگە بولغان بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يازغۇچى پەقەت ئۆزىگە خاس ئۇسۇل — يېزىقچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. يازغۇچى نائىل بولغان بارلىق شان - شەرەپ ئوقۇرمەندە بېسىم پەيدا قىلىدۇ، مېنىڭچە ئوقۇرمەندە بېسىم پەيدا بولسا بولمايدۇ. ناۋادا مەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرىمنى «ژان پول سارتېرى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلدۇرسام بۇ ئەھۋال «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى - ژان پول سارتېرى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلدۇرغىنىمغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ، بۇ ئىككىسى ئىككى ئىش.

بۇ تۈردىكى مۇكاپاتنى قوبۇل قىلغان يازغۇچىلار بىرەر پائالىيەتكە نىسبەتەن ئۆزلىرىگە بېرىلگەن شان - شەرەپ ۋە شۇ شان - شەرەپنى بەرگۈچى گورۇھ، ئورگانلارنىمۇ چېتىۋالىدۇ. مەن ۋېنېزۇئېلادىكى نامايىشچىلارغا ھەققەتەن ھېسداشلىق قىلىمەن، بۇنداق قىلىشىم پەقەت ماڭىلا چېتىلىدۇ. ناۋادا مەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يەنىلا ۋېنېزۇئېلادىكى نامايىشچىلارغا ھېسداشلىق قىلسام ئۇ ۋاقىتتا نوبېل ئەدەبىيات كومىتېتىنى بۇ ئىشقا چېتىۋالغان بولىمەن. شۇڭا، يازغۇچى بولغان ئادەم چوقۇم بىرەر ئورگانغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك، نوبېل مۇكاپاتىدىن ئىبارەت ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان بۇنداق شان - شەرەپمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بۇ خىل پوزىتسىيە پۈتۈنلەي مېنىڭ قارىشىمدۇر، مەن بۇ خىل پوزىتسىيە ئارقىلىق بۇنىڭدىن بۇرۇن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنى تەنقىد قىلماقچى ئەمەسمەن. مەن بۇرۇن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيمەن ھەم ئۇلاردىن زوقلىنىمەن، ئۇلار بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمەن.

مەندىكى ئوبيېكتىپ سەۋەب بولسا نۆۋەتتە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇرۇش بولسا غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە بىر - بىرى بىلەن كۈرەش قىلىشىدىن ئىبارەت. مەن ئىككى تەرەپ چوقۇم بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشى كېرەك، دېمەكچى ئەمەسمەن. ماڭا شۇ نەرسە ناھايىتى ئايدىڭكى، ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق جەزمەن توقۇنۇش شەكلى ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، بۇ خىل توقۇنۇش چوقۇم ئادەم بىلەن ئادەم، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىشى، ھەر قانداق بىر ئورگان بۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك.

مەن ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن: مەندە بۇنداق زىددىيەتلەر مەۋجۇت. مەن شەك - شۈبھىسىزكى سوتسىيالىزمغا، يەنى ئاتالمىش شەرق دۆلەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىمەن. بىراق، مەن بىر كاپىتالىزم ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، كاپىتالىزم مەدەنىيىتىدە ئۆسۈپ يېتىلدىم. بۇنداق ئەھۋال ئىككى خىل مەدەنىيەتنى ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇرىدىغان زاتلار بىلەن ئورتاق ھەمكارلىشىشىمغا تۈرتكە بولغان. بىراق، مەن غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىزمچىلار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇڭا، مەن مەيلى غەرب ياكى شەرق تەرەپتىكى ھەر قانداق يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئۇلار بەرگەن ھەر قانداق شان - شەرەپنى قوبۇل قىلسام بولمايدۇ. گەرچە سوتسىيالىزمغا ھېسداشلىق قىلساممۇ لېنىن مۇكاپاتى دېگەندەك مۇكاپات بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق مۇكاپاتنى قوبۇل قىلسام بولمايدۇ، ھازىر ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ماڭا شۇ نەرسە ناھايىتىمۇ ئېنىق، نوبېل مۇكاپاتى پەقەت غەرب ئەللىرىگىلا خاس مۇكاپات ئەمەس، بىراق مەزكۇر مۇكاپات دەل

بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالدى. بەلكىم، بەزى ئىشلارنى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى قارار قىلالماسلىقى مۇمكىن.

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا نوبېل مۇكاپاتى غەرب دۆلەتلىرىدىكى يازغۇچىلار بىلەن شەرق دۆلەتلىرىدىكى ئاسىيلارغا بېرىلىدىغان بىر خىل شەرەپ بولۇپ قالدى. مەسىلەن، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئۇلۇغ شائىر نېرۇدا بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولۇپ باقمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر يەنە لۇيىس ئاراگونغىمۇ دىققەت قىلمىدى، ئەسلىدە ئۇ بۇنداق كاتتا شەرەپكە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، پاستېرناك شولوخوپتىن بۇرۇن مەزكۇر شەرەپكە نائىل بولدى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق بۇ يازغۇچىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسىرى پەقەت چەت ئەلدە نەشر قىلىنىپ، ئۆز دۆلىتىدە بولسا چەكلەنگەن كىتاب دەپ قارالدى. كىشىلەر باشقا مەنىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەرىكەت ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشىدۇ. ناۋادا، ئالجىرىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىز « 121كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» گە ئىمزا قويغان ۋاقتىمىز بولغان بولسا مەن ناھايىتى مىننەتدارلىق بىلەن مەزكۇر مۇكاپاتنى قوبۇل قىلغان بولاتتىم. سەۋەبى ئۇ ۋاقىتتا مەزكۇر مۇكاپات پەقەت ماڭىلا تەۋە بولمايتتى، يەنە كېلىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىمىز بىزگە شان-شەرەپ ئېلىپ كېلەتتى.

شۋېتسىيە ئاكادېمىيەسى ماڭا مەزكۇر مۇكاپاتنى بېرىش سەۋەبىدە ئەركىنلىكنى تىلغا ئاپتۇ، بۇ يەردىكى ئەركىنلىك كۆپ خىل مەنىگە ئىگە. غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەركىنلىك پەقەت ئادەتتىكى ئەركىنلىكتىن ئىبارەت، بىراق مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەركىنلىك بولسا تېخىمۇ كونكرېت بولغان ئەركىنلىك بولۇپ، ئۇ قانداقتۇر بىر جۈپ ئاياغقا ئىگە بولۇش ياكى يېمەك - ئىچمەككە ئىگە بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ماڭا نىسبەتەن مەزكۇر مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىش ئۇنى رەت قىلىشتىنمۇ خەتەرلىك. ناۋادا مەن مەزكۇر مۇكاپاتنى قوبۇل قىلسام ئۇنداقتا مەن ئاتالمىش «ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى قايتىش» قا بويسۇنغان بولىمەن. مەن «فىگارو ئەدەبىيات گېزىتى» دىن كىشىلەرنىڭ «مېنىڭ سىياسىي جەھەتتە قارشىلىق بىلدۈرگەن ئۆتمۈشۇم بىلەن



ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان» لىقىغا ئائىت بىر پارچە ماقالىنى كۆردۈم. مەزكۇر ماقالىنىڭ شۋېتسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، ناۋادا مەن مەزكۇر مۇكاپاتنى قوبۇل قىلسام ئوڭچىلارنىڭ قانداق بىر چۈشەنچە بېرىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىلدۈرۈلگەن. مەن دوستلىرىم ئارىسىدا ئۆز خاتالىقىمنى تونۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇۋاتقان تەقدىردىمۇ مېنىڭچە «سىياسىي جەھەتتە قارشىلىق بىلدۈرگەن ئۆتمۈشى بار» دېيىشنىڭ تولۇق ئاساسى بار دەپ قارايمەن.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم نوبېل مۇكاپاتى قانداقتۇر «بۇرژۇئازىيە» نىڭلا مۇكاپاتى ئەمەس، بۇ دەل مەن پىششىق بىلىدىغان قاتلامدىكىلەر بۇرژۇئازىيەگە قارىتا بېرىدىغان چۈشەنچىدۇر.

مەن ئەڭ ئاخىردا مۇكاپات سوممىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچى. پەنلەر ئاكادېمىيەسى مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىگە زور سوممىلىق مۇكاپات بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەلۇم خىل ئېغىر نەرسىنىمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەيدۇ، دەل مۇشۇ مەسىلە مېنى بەكمۇ تەڭلىكتە قويىدى. مەن بەلكىم مەزكۇر مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىپ، بۇ مۇكاپات ئارقىلىق ئۆزۈم مۇھىم دەپ قارىغان تەشكىلات ياكى ھەرىكەتنى قوللىشىم، ياكى ئادەتتىكى پرىنسىپ تۈپەيلى مەزكۇر مۇكاپاتنى رەت قىلىشىم كېرەكتۇر. بۇنداق قىلسام مەن قوللىماقچى بولغان ھەرىكەتكە كېتەرلىك مەبلەغنى ئۈزۈپ قويغان بولىمەن. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا مېنىڭ كاللامغا لوندونىدىكى جەنۇبىي ئافرىقا مىللەت ئايرىمىچىلىق كومىتېتى كەلدى. ئەمما مەن بۇنى ھەقىقىي مەسىلە دەپ قارىمايمەن. ئېنىقكى، مېنىڭ 250 مىڭ كرونالىق مۇكاپاتنى رەت قىلىشىم مېنىڭ مەيلى غەرب ياكى شەرقتىكى ھەر قانداق ئورگانغا تەۋە بولۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈندۇر. گەرچە بۇ پرىنسىپلار سەلەرنىڭ بولمىسىمۇ شۇنداقلا بارلىق تونۇشلىرىڭلار قوللىغان تەقدىردىمۇ سىلەرنىڭ مەزكۇر مۇكاپات ئۈچۈن مېنى پرىنسىپتىن ۋاز كېچىشكە زورلىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. دەل مۇشۇ نۇقتا مەيلى مۇكاپات سوممىسى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئۇنى رەت قىلىش جەھەتتىن بولسۇن مېنى ناھايىتى تەڭلىكتە قالدۇردى.

ئاخىردا، مەن شۋېتسىيە جامائەتچىلىكىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن.

(«نوبېل مۇكاپاتىغا دائىر سوئاللار» دېگەن كىتابتىن ئابدۇقېيۇم ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى)

( تەرجىمان: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكتالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com

## 1 مېڭىسى يوق بالا ئىككى ياشقا كىردى

ئەنگلىيە «قۇياش گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكىلىق بوۋاق جەكسون (Jaxon) تۇغما مېڭە غەيرىلىكى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، تۇغۇلغان ۋاقتىدىلا باش سۆڭىكىنىڭ يېرىمى يوق ئىدى. لېكىن كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ مۆجىزىلەرچە ھايات قېلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى.

ھازىر ئىككى ياشقا كىرگەن جەكسوننىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ئاران بەش يېرىم كىلوگىرام كېلىدۇ. جەكسوننىڭ ئانىسى ھامىلدار مەزگىلىدە تەكشۈرتكەندىمۇ، ھامىلىدىكى غەيرىيلىكنى بايقىغان. ئەينى ۋاقىتتا دوختۇر تەكلىپ بېرىپ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەن، لېكىن ئاتا ـ ئانا ئىككىلىسى رەت قىلىپ كىچىك جەكسوننى تۇغقان.

جەكسوننىڭ دادىسى بۇراندون: «جەكسوننىڭ تۇغۇلۇشى بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمىزغا ئۈمىد ئاتا قىلدى. ھازىر ئىككى ياشقا كىرگەن جەكسون ھەر كۈنى ناھايىتى خۇشال ئۆتىدۇ، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ يېتىلمەكتە» دېدى.

جەكسوننىڭ ھېكايىسى نۇرغۇن توردا شلاردىن تەسىرلەندۈرگەن بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقە توردىن ھېسابات ئېچىپ بەرگەن. ھازىر بۇ ھېساباتنىڭ مەستانىسى 400 مىڭدىن ئاشىدۇ.

جەكسوننىڭ دادىسى بۇراندون ئايالىنى ماختاپ «ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى بالىمىزغا بېغىشلىدى» دېدى. جەكسون گەرچە مۆجىزىلەرچە ھايات قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى يىل جەرياندا يەنىلا ناھايىتى كۆپ كېسەل ئازابىنى تارتتى. دادىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوغلىنىڭ پېيى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم تارتىشىپ قالىدىكەن، ھەر قېتىم ئوغلىنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى كۆرگەندە ئۇ ۋە ئايالى ناھايىتى ئازابلىنىدىكەن. بۇراندون: «ئوغلۇم بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ھەربىر كۈنىمىز تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن ئەڭ كاتتا سوۋغىسى» دېدى.

بۇراندون ۋە ئايالى جەكسوننىڭ نامىدا فوندى جەمئىيەت قۇرغان بولۇپ، يىغىلغان پۇللارنى نېرۋا تېببىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار يېقىندا يەنە بىر كىتاب يېزىپ چىققان بولۇپ، جەكسوننىڭ ئىككى يىللىق ھاياتىنى ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ئامېرىكا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى ھەر 4859 بالىنىڭ ئىچىدە بىرسى مېڭىسىز ياكى مېڭە غەيرىيلىكى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىكەن. بۇنداق بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

## 2 دۇنيادىكى تۇنجى شوپۇرسىز كىرا ئاپتوموبىلى سىنگاپوردا

سىنگاپوردا شوپۇرسىز كىرا ئاپتوموبىلغا قارىتا ئاشكارا تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ دۇنيا بويىچە بۇ خىلدىكى تەجرىبىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلىشى ئىكەن. «روبو تاكسى» دەپ ئاتالغان بۇ شوپۇرسىز كىرا ئاپتوموبىلىنى ئامېرىكا ماساچۇسېتس ئىشتاتىدىكى «ئانتونومى» قاتناش يۇمشاق دېتال شىركىتى چىقارغان بولۇپ، ئاپتوموبىل سىنگاپور سودا رايونىدا ئاپتوماتىك ھەيدەش ئەندىزىسىدە يولغا چىققان. بۇ ئاپتوموبىلنى رېنائۇلت ۋە مىتسۇبىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئاپتوموبىل شىركىتى مەخسۇس قوراشتۇرغان. تەجرىبە قىلىشقا تاللانغان سىنگاپور ئاھالىلىرى «ئانتونومى» نىڭ يانفون ئەپى ئارقىلىق «روبو تاكسى»نى چاقىرىپ، كىرا ئاپتوموبىلدا ھەقسىز ئولتۇرغان.

## 3 سۈنئىي نەپەسلەندۈرەلەيدىغان ئىت

ئىنسانلارنىڭ ياخشى ھەمراھى دەپ ئاتالغان ئىت زادى نېمە ئىشلارنى قىلالايدۇ؟ ئۇسسۇل ئويناش، مۇزىكا چېلىش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىقلار بۇ سوئالغا جاۋاب ئىز دەۋاتقانلارنى قانائەتلەندۈرەلمىدى.

ئەنگلىيە «كۈندىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، رۇسىيەنىڭ موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىت بىرلەشمە مۇسابىقىسىدە دېرىل ئىسىملىك بىر ئىت كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان تالانتىنى نامايان قىلغان، يەنى «ھوشىدىن كەتكەن» ئىگىسىنى سۈنئىي نەپەسلەندۈرگەن.

دېرىل «بومبىدا يارىلانغان» ئىگىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن ئىگىسىنىڭ كۆكرىكىنى بېسىپ، يۈرەكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى ئىشلىگەن، ئاندىن تۇمشۇقىنى ئىگىسىنىڭ ئاغزىغا يېقىپ سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ ھەرىكەتنى قايتا ـ قايتا ئىشلەپ، ئىگىسىنى «ھوشىغا كەلتۈرگەن».

## 4 مەينەت نەرسىلەرنى يالىغۇچى

ئەنگلىيەلىك 51 ياشلىق ئەر يېپىن خوت ياۋروپانى ئايلىنىش سەپىرىگە ئاتلىنىپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايوننى كېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ساياھىتىدىكى ئەڭ ئاجايىپ نۇقتا شۇكى، ئۇ ھەربىر يەرگە بارغاندا شۇ يەردىكى ئەڭ مەينەت نەرسىنى يالاپ چىققان ۋە: «مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ساغلام ۋىرۇسلارنىڭ ئاشقازان ـ ئۈچەيىنىڭ لۆمۈلدىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى ۋە ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن» دېگەن. ھازىرغا قەدەر، ئۇ تەرەت تۆگىنىڭ كونۇپكىسى، ئىشىك تۇتقۇچى، تېلېفون تۇرۇپكىسى، قەغەز پۇل قاتارلىق مەينەت نەرسىلەرنى يالاپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى

قۇربان مامۇت ئۇيغار

«بىل گەيتسنىڭ ياشلارغا تەۋسىيەسى» ناملىق كىتابتا شۇنداق ھېكايەت قىلىنىپتۇ:

يېقىن ئاغىنىلەردىن ھېسابلىنىدىغان بىر ئىنژېنېر بىلەن بىر لوگىك مىسىرغا ساياھەتكە بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار ئەلئېھرامنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لوگىك ئادىتى بويىچە كۆرگەنلىرىدىن خاتىرە يېزىشقا كىرىشىپتۇ، ئىنژېنېر بولسا قاھىرە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ.

— مۈشۈك ساتىمەن، مۈشۈك! — دەپ ۋارقىراپ ئولتۇرغۇدەك ئۇ موماي.

ئىنژېنېر قولىغا ئېلىپ قارىسا ئۇ خېلىلا ئېغىر ۋە قاپقارا قۇيما مۈشۈك ئىكەن. موماي ئۇنىڭ ئاتا مىراس تەۋەررۈك ئىكەنلىكىنى، بالىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن ساتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، 500 دوللار باھا قويۇپتۇ. ئىنژېنېر ئۇيان چۆرۈپ-بۇيان چۆرۈپ بۇ قارا رەڭلىك قۇيما مۈشۈكنى تۆمۈر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرى مەرۋايىتتىن ياسالغان ئىكەن.

— ئىككى كۆزىنىلا ئالاي، 300 دوللارغا بېرىڭ، — دەپتۇ ئىنژېنېر.

موماي ماقۇل بوپتۇ. ئىنژېنېر مەرۋايىتنى ئېلىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا مېھمانخانىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە بولغان ئىشنى ئاغىنىسىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھېلىقى موماي ھازىرمۇ شۇ يەردە قالدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ لوگىك تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ئەخمەق موماي، ھېلىمۇ ئاشۇ تۆمۈر مۈشۈكنى ساتىمەن دەپ ئولتۇرغاندۇ ھەقىچان، — دەپتۇ ئىنژېنېر جاۋابەن.

لوگىك دەرھال مومايىنىڭ قېشىغا بېرىپ تۆمۈر مۈشۈكنى 200 دوللارغا سېتىۋېلىپ كەپتۇ.

— ئەخمەق! — دەپ مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ ئىنژېنېر، — بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس تۆمۈرنىمۇ 200 دوللارغا سېتىۋالدىڭما؟

لوگىك گەپمۇ قىلماستىن پىچاق بىلەن مۈشۈكنىڭ تىرناق تەرىپىنى قىرىپ بېقىپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېتىپتۇ.

— ئويلىغىنىمدەك بولدى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇن مۈشۈك ئىكەن.

ئەسلىدە بۇ ئالتۇن مۈشۈك باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىپ سوغۇق قول تېگىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قارا سىرلاپ قويۇلغانىكەن. ئىنژېنېر بۇنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئىنتايىن پۇشايمان قىپتۇ. ئەمدى لوگىك ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلاپتۇ:

— سەندە شۇنچە بىلىم بار، ئەمما تەپەككۇر سەنئىتى كەمچىل، ئانالىز كۈچى ئاجىز ئىكەن. ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ بىر قۇيما مۈشۈكنىڭ كۆزى مەرۋايىتتىن بولغان يەردە،

بەدىنى تۈمۈردىن بولارمۇ؟!

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز كى، ئىنژېنېر بىلەن لوگىكىنىڭ تەپەككۇر ئادىتى ياكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى پەرق تۇپەيلىدىن قويما مۇشۇكىنىڭ قىممىتىگە بولغان قارىشى ۋە ئېرىشكەن نەپ - مەنپەئەتلىرىدىمۇ ناھايىتى زور پەرق كېلىپ چىقتى.

ئەمدى بۇ ھېكايىنى پوچتا ماركىسى ۋە پۇل توپلاش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ باقايلى.

مەتبۇئاتلاردا مۇنداق ئۇچۇر بېرىلدى: «ئەسلىي قىممىتى 8 پۇڭلۇق پوچتا ماركىسىنىڭ بازار باھاسى 800 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، ئەسلىي قىممىتى 10 پۇڭلۇق پۇلنىڭ بازار باھاسى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.»

ساۋ خۇي بۇ ئۇچۇرنى ئۆتكەن زامانغا باغلاپ چۈشىنىپ، ئۆيىدە قايسى زامانلاردىن قالغان پوچتا ماركىسى، پۇل دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، ئۇلارنى سېتىپ پۇل قىلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. دېمەك، ساۋ خۇي «سېتىش»نىڭ نېرىسىنى — «سېتىۋېلىش»نى، يەنى «پوچتا ماركىسى ياكى پۇلغا مەبلەغ سالسام بولغۇدەك» دېگەننى تەپەككۇر قىلالمىدى. نەتىجىدە ئۇ ئۆيىدىكى ساقلانمىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ بازارغا سالدى. ئەمما ھېچقانچە پۇلغا يارىماي «ساقالدىكى چۆپكە قورساق تويماپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى.



ما جيەن بولسا بۇ ئۇچۇرنى كەلگۈسىگە باغلاپ چۈشىنىپ ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش قىلسا يېقىن كەلگۈسىدە مۇئەييەن مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزدى-دە، پوچتا ماركىسى ۋە پۇلغا مەبلەغ سېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. دېمەك، ئۇنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ئادىتى ۋە ئاكتىپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۇنى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا باغلىنىپ قالماي كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاشقا، بۇرۇنىنىڭ ئۇچىنىلا ئەمەس يىراقنى كۆرۈشكە يېتەكلىدى. نەتىجىدە، ئۇ ئاۋۋال 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شۇ يىللاردىكى بازار باھاسى 100 يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتقان «سارىسقا تاقابىل تۇرۇش»ناملىق پوچتا ماركىسىدىن 500 تاختا سېتىۋالدى. ئارقىدىنلا يەنە بىراقلا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ شۇ يىللاردىكى بازار باھاسى 5000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتقان بەشىنچى يۈرۈش پۇلنىڭ ئالاھىدە نومۇرلۇقىدىن 20 توپلام سېتىۋالدى. كېيىنكى يىللاردا پوچتا ماركىسى 2000 يۈەندىن، پۇل 500 مىڭ يۈەندىن سېتىلىپ، جەمئىي 11 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

دېمەك، ساۋ خۇي بىلەن ما جيەنىنىڭ تەپەككۇر ئادىتى ياكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى پەرق تۇپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر ئۇچۇرغا بولغان چۈشەنچىسى، تاللىشى ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ۋە ئېرىشكەن نەپ-مەنپەئەتلىرىدىمۇ ئاسمان-زېمىن پەرق كېلىپ چىقتى.

شۇڭا دەيمىز كى، تىرىكچىلىك مۇساپىسىدە ئادەملەرنىڭ رىزقى - نېسىۋىلىرى ئومۇمەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ھەر بىر ئادەمنىڭ پۇرسەت ئېڭى، تەپەككۇر ئادىتى، تاللىشى ياكى تەدبىر - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۇپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىمكانىيەت - پۇرسەتلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەت - نۇسرەتلىرىدە ئاسمان - زېمىن پەرق كېلىپ چىقىدۇ.



روشەنكى، پوچتا ماركىسى ياكى پۇلغا، بولۇپمۇ ئالاھىدە نومۇرلۇق پۇللارغا مەبلەغ سېلىش تىرىكچىلىك مۇساپىسىدىكى ئاقىلانە تاللاشلارنىڭ ئەڭ ئاقىلانىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنداقتا، سىز نېمىنى تاللىغانتىڭىز، نېمىنى تاللىدىڭىز، نېمىنى تاللىماقچى؟ قاياققا ماڭغانتىڭىز، قاياققا ماڭماقچى؟!

تېگى - تەكتىنى چۈشەنسىڭىز ھەم قاتماللىشىپ كەتكەن تەپەككۇر ئادىتىڭىزنى ئازراقلا ئۆزگەرتىپ باقسىڭىز، قېلىپلىشىپ كەتكەن تىرىكچىلىك ياكى مەبلەغ سېلىش چۈشەنچىڭىزنى ئازراقلا يېڭىلاپ باقسىڭىز ئامەت سىزگىمۇ چوقۇم نېسىپ بولىدۇ!

ئېسىڭىزدە بولسۇن بۇ شېرىن چۈش ئەمەس بەلكى گۈزەل ئارزۇلىرىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان خەيرلىك مۇساپە...

ئېسىڭىزدە بولسۇن كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. پۇرسەتنى چىڭ تۇتسىڭىز ھەم ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش قىلسىڭىز بايلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشكە دائىر بۇنداق رىۋايەت تۈسىنى ئالغان راست ئىشلار خاتىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، جۈملىدىن كاتتا مىليونېر ۋە باي-زەردارلارغا ئايلىنىش مۇساپىڭىزمۇ يىراق ئەمەس! بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئازراقلا نېرىسىنى تەپەككۇر قىلالىسىڭىز، ئازراقلا يىراقنى كۆرەلىسىڭىزلا كۇپايە...

ئاقىلانە تاللاش ۋە مۇۋەپپەقىيەت سىزگىمۇ نېسىپ بولغاي!

(ئاپتور: ئۈرۈمچى «ۋىكتورىيە» ئاز سانلىق مىللەتلەر پوچتا ماركىسى ۋە پۇل توپلاش مۇلازىمەت مەركىزىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com






باللار تەربىيەسىنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان تەربىيەچى تەبىئىي تەربىيە ئۈچۈنمۇ مەسئۇل بولۇشى لازىم. بۇنىڭدا تەربىيەچىنىڭ باشتىن تارتىپ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ بېرىشى ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىش ناھايىتى مۇھىم. تەربىيەچى باللار تەربىيەسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دەۋردە ئاشۇ ئائىلىدە يېڭى بوۋاقلار دۇنياغا كېلىشى مۇمكىن ۋە ئۇ شۇ تەرىقە ئاتا - ئانىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە يېقىن ئادىمىگە، تەبىئىي تەربىيەدە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىسىگە ئايلىنىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەچىنىڭ بىلىملىك بولۇشى بەك مۇھىم ۋە زۆرۈر. تەبىئىي تەربىيە ئەسلىدە ئوزۇقلىنىش، پەرۋىش دېمەكتۇر. ئۇ ئادەتتە يا ئاتا - ئانىلار ياكى ئىنىكئانىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بالا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تەبىئىي ئوزۇق — ئانا سۈتىدۇر. «ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن» دېگەن ئىبارە قۇلاققا پات - پات ئاڭلىنىپ تۇرۇشىمۇ بەلكىم شۇنىڭدىندۇر. ئەمما ئىشەنچ، ئېتىقادمۇ ئانا سۈتى بىلەن كىرىدۇ، دېگەن گەپ پۈتۈنلەي خاتا پىكىر.

بالىنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئېمىتىشى بالا ئۈچۈنمۇ، ئانا ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا پايدىلىق. بىراق مەلۇم سەۋەبلەرگە قارىغاندا بۇ جەھەتتە قىسمەن ئۆزگىچە ھالەتلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەزەلدىن، ئانا تۇغقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىرىنچى سۈتى زەردابلىق بولىدۇ ۋە بۇنداق سۈت بالا ئۈچۈن زىيانلىق، ئانا بالىنى ئەمگۈزۈشتىن ئاۋۋال سۈتىنىڭ دەسلەپكى قىسمىنى، يەنى ئوغۇز سۈتىنى سىغىۋېتىشى كېرەك، دېگەن گەپلەر بار. لېكىن تەتقىقاتچى شىپاكارلار ئانىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سۈتىنىڭ بالىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تەبىئەتنىڭ بۇ نېمىتىنىڭ بىكار ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇلار بۇنداق سۈت يېڭى تۇغۇلغان گۆدەكلەردە ئۇچرايدىغان، دوختۇرلار «مىكانىئۇم» دەپ ئاتايدىغان ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىنىڭ دەسلەپكى ئوغۇز سۈتىنىڭ باللارغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا شۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: بالىنى ھايۋان سۈتى بىلەن بېقىشقىمۇ بولامدۇ؟ ئادەم سۈتى بىلەن ھايۋان سۈتى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرق بار. ئوت، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ سۈتىگە ئەگەر بىر ئاز ئاچچىق، چۈچۈمەل نەرسە قوشۇلسا، تېزلا قويۇلۇپ قالىدۇ. ئىنسان سۈتى بولسا زادى قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئانىلار ياكى ئىنىكئانىلار بىر نەچچە كۈن ئۆسۈملۈك، ئوتياشلىق تائاملار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلسا ئۇلارنىڭ سۈتىمۇ سېيىرنىڭ سۈتىگە ئوخشاش قويۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەلۇم مۇددەت گۆش يېسە، سۈتلىرى يەنە ئىلگىرىكىدەك ياخشى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، ئەگەر ئانىلار ۋە ئىنىكئانىلار بالىنى ئەمدۈرۈش دەۋرىدە گۆش ئىستېمال قىلىپ تۇرسا، بالىغا ئىنتايىن پايدىسى بولىدۇ. بىراق باشقا مىللەتلەر ۋە ئەللەر مىسالىدا ئۆزگىچە

مەنزىرىگە دۇچ كېلىمىز. مەسىلەن، ۋالدتانگۇس (قەبىلە نامى)لەر ئاساسەن گۆشتىن باشقا نەرسە ئىستېمال قىلمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار كۈچلۈك ۋە ساغلام ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەنە شۇ خەلقلەرمۇ ئۇزاق ياشىيالمايدىكەن. ئەكسىچە، ھىندىستاندىكى كۆپىنچە خەلقلەرمۇ دېيەرلىك گۆش يېمەيدۇ ۋە ئۇلار ساغلام بولۇپ ئۆسىدۇ.

يەنە سوئال تۇغۇلىدۇ: ئانا سۈتى توختاپ قالغاندىن كېيىن بالىنى نېمە بىلەن بېقىش مۇمكىن؟ مەلۇمكى، بۈگۈنگىچە ھەر خىل خېمىر تاماقلار، سۈيۇق بوتقا، ھالۋىلاردىن پايدىلىنىپ كېلىنگەن. بىراق بالىغا باشتىلا بۇنداق تاماقلارنى بەرگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارغا ئاچچىق، ئۆتكۈر، چۈچۈمەل نەرسىلەرنى بېرىش زادى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق نەرسىلەرگە ناھايىتى ئامراق كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ خىلدىكى نەرسىلەر بالىلارنىڭ زەئىپ، خىرە سەزگۈ قابىلىيەتلىرىنى «ئويغىتىپ»، جانلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇ بولسا ئۇلارغا ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. رۇسىيەلىك كۆپىنچە بالىلار ھاراقنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان ئانىلىرىنىڭ سۈتى ئارقىلىق ئەنە شۇنداق ھالەتنى باشتىن كەچۈرىدۇ، ئادەتتە رۇسلارمۇ ساغلام، كۈچلۈك بولۇپ ئۆسىدۇ. جۈملىدىن، ئۇلار قەددى - قامەتلىك، كېلىشكەن، خۇشپىچىم بولۇشىدۇ. بىراق ئەپسۇسكى، ئۇلار ئارىسىدا كۆپلەپ ئۆلۈم ھالەتلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئەسەبلەرنى بۇ قەدەر بۇرۇن قوزغاش ئورگانىزمدا كۆپىنچە زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ (ئەمما، شلياسېر ئەپەندى رۇسىيەدە ھاراقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنىشى دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئالالماچان تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغان). بالىلارنى بەك ئىسسىق تاماق ۋە ئىچىملىكلەردىنمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇلار بالا ئورگانىزمىنىڭ زەئىپ، كۈچسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىش كېرەككى، بالىلارنى بەك ئىسسىق ساقلىماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ قېنى چوڭلارنىڭكىگە قارىغاندا بەكرەك قىزىق كېلىدۇ. بالىلاردىكى قان ھارارىتى پارېنگىت تېرمومېتىرى بويىچە 110 دەرىجىنى، چوڭلارنىڭ بولسا 96 دەرىجىنى تەشكىل قىلىدۇ. چوڭ ياشتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ياخشى ھېس قىلىدىغان ھارارەتتە بالىلار بوغۇلۇشقا باشلايدۇ. ئومۇمەن، سالقىن، سوغۇق ھاۋاغا كۆنۈش ئادەمنى ساغلام قىلىدۇ. چوڭ ياشتىكىلەر ئۈچۈنمۇ بەك ئىسسىق كىيىنىش، ئورۇنۇپ، پۈركىنىۋېلىش ۋە ئۆتە ئىسسىق ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ياخشى ئەمەس. بالا ئۈچۈن ئورۇننىڭ قاتتىق، ياتاق ئۆينىڭ سالقىن بولغىنى ياخشى. سوغۇق ۋاننىلارمۇ پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

بالىنى زاكىلاش ئادىتى ياۋايى خەلقلەردە ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ياشايدىغان ياۋايى قەبىلىلەر بالىلىرى ئۈچۈن يەرنى چوڭقۇر كولاپ، ئۇنىڭغا چىرىغان دەرەخلەرنىڭ ئەخلەت - چاۋارلىرىنى يېيىپ چىقىدىكەن، بالىنىڭ سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرىتى ئۇنىڭغا سىڭىپ ئۆزى قۇرۇق يېتىۋېرىدىكەن، ئۈستىنى بولسا يوپۇرماقلار بىلەن يېپىپ قويىدىكەن. بالىنىڭ پۇت - قوللىرى تەبىئىي رەۋىشتە بوش قويۇلىدىكەن. ئەمما، بىز قانداق قىلىمىز؟ بالىنى خۇددى مومىيالىغاندەك ئوراپ، چىرماپ تاشلايمىز. ھالبۇكى، بالىنىڭ ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ قالماسلىقىغا ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم ئەمەسمىدى؟ كۆپىنچە بۇنداق ھالەت بالىنى زاكىلىغاندا يۈز بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بالىنى مەھكەم ئوراپ چىرماپ قويسىڭىز، ئۇ پۇت - قوللىرىنى قىمىرلىتالماي قورقۇپ روھى چۈشۈپ كېتىدۇ، كېيىن ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلايدۇ. ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ، چوڭ ئادەمنىمۇ ئوراپ چىرماپ قويۇلسا ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇشتىن ۋارقىراپ - جارقىرىمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ئومۇمەن، تۇنجى تەربىيەدە سەلبىي رول ئوينايدىغان ئۇسۇللاردىن ساقلىنىش لازىم. بۇ تەبىئەتنىڭ غەمخورلۇقىغا تەن بېرىش كېرەك ۋە ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك لازىم، دېگەنلىكتۇر. دېمىسىمۇ تەربىيەدە قىلىنىشى لازىم بولغان ئىش — تاۋلاش، چېنىقتۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى زاكىلاشنى خىيالدىن چىقىرىش كېرەك. بۇنىڭ ئورنىغا ئەڭ توغرا ئۇسۇل ساندۇق ياكى ساندۇققا ئوخشاش ئىدىش قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تاسما تارتىپ قويۇلىدۇ. ئىتالىيانلارمۇ ئەنە شۇنداق نەرسىدىن پايدىلىنىدۇ. بالا دائىم شۇ ساندۇق (سېۋەت)تە بولىدۇ، ھەتتا ئەمگۈزگەندىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئېمىتىدۇ. ئېھتىمال، شۇ سەۋەبلىك ئانا كېچىسى بالىسىنى ئەمدۈرۈۋېتىپ، كۆزى ئۇيقىغا ئىلىنىپ قالسا بالىنى بېسىۋېلىشنىڭمۇ ئالدى ئېلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىزدە كۆپلىگەن بالىلار ئەنە شۇ تەرىزدە نابۇت بولماقتا. دېمەك، بۇ ئۇسۇل زاكىلاشقا قارىغاندا ياخشىراق، چۈنكى بۇنىڭدا بالا كۆپرەك ئەركىن بولىدۇ، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ ياكى قىيسىيىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

تۇنجى تەربىيە دەۋرىدىكى يەنە بىر ئادەت بالىنى بۆشۈك ياكى بېلەنچۈككە سېلىشتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي تۈرى، ئارقانىنى ئىككى تۈۋرۈككە تارتىپ بېلەنچۈك قىلىنىدۇ - دە، بالىنى ئۇنىڭغا ياتقۇزۇپ ئازراق لىڭشىتسا ئۇ ئۆزلۈكىدىن تەۋرىنىۋېرىدۇ. ئەسلىدە بولسا بالىنى تەۋرىتىش مۇتلەق ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇياقتىن بۇياققا چايقىلىش بالا ئۈچۈن زىيانلىق. ھەتتاكى، چوڭ ئادەملەرمۇ تەۋرەنگەن ۋاقىتتا بېشى ئايلىنىپ، قەي قىلغۇسى كېلىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش بالىنىڭ يىغلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتەي قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ گاراڭ قىلىپ قويىدۇ. لېكىن ۋارقىراپ يىغلاش بالىلار ئۈچۈن پايدىلىق، چۈنكى ئۇلار ئانا قورسىقىدىكى ۋاقىتتا ھاۋا يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك دىمىققان، دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، تومۇرلىرىدا قاننىڭ ئايلىنىشى ئۆزگىرىدۇ، بۇ ھالەت ئۇلاردا ئاغرىقلىق ھېسسىيات تۇغدۇرۇشى تەبىئىي. بالا قانچىلىك ۋارقىراپ يىغلىسا ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ۋە تېنىدىكى تومۇر (يول)لىرى شۇنچىلىك ئېچىلىپ كېڭىيىدۇ، راۋاجلىنىدۇ. بالا يىغلىغاندا ئانا يۈگۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېلىدۇ ۋە ئۇنى ئەللەيلەشكە باشلايدۇ؛ بۇمۇ ناھايىتى زىيانلىق. ئادەتتە بۇ بالىنىڭ تۇنجى بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. يەنى، ئۇ يىغلاۋېتىپ قارىسا ھەممىسى ئۆزى تەرەپكە چېپىپ كېلىۋېتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ئۇ يەنىمۇ قاتتىقراق يىغلاشقا باشلايدۇ.

ھەقىقەتتىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ گەپ قىلغانىدا ئاددىي ئادەملەرنىڭ بالىلىرى كاتتىلارنىڭ بالىلىرىغا قارىغاندا ئەركىنرەك ئۆسكەن بولىدۇ. ئاددىي ئادەملەر بالىسى يىغلىشى بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى ئەركىلىتىدۇ بالا بولسا يەنە يىغلاۋېرىدۇ. ئەگەر يىغلىغىنىغا ئېتىبار بەرمىسىڭىز بالىنىڭ ئۆزى يىغىنى توختىتىدۇ. ئەگەر كىچىكىدىن تارتىپ كۆڭۈلگە قاراۋەرسىڭىز ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەربىيەسىنى بۇزغان بولىسىز . خاتانى تۈزىتىش بولسا ئىنتايىن قىممەتكە چۈشىدۇ. بالىلار دەسلەپكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ياخشى كۆرەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار چىراغ نۇرىنى سېزىدۇ، لېكىن نەرسىلەرنى بىر - بىرىدىن ياخشى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. (مېنىڭچە، بالىلاردا ئاڭلاش قابىلىيىتى كۆرۈش قابىلىيىتىگە قارىغاندا نىسبەتەن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ھېس - تۇيغۇلاردىن ئاقىلانە پايدىلىنىشنىڭ ئۆزىمۇ مۇئەييەن مەدەنىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېھتىمال، شۇ سەۋەبلىك چوڭ ياشتىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى بولىسىمۇ، كۆرەلمەيدۇ، قۇلاقلىرى بار، لېكىن ئاڭلىمايدۇ... ۋەھاكازا. بۇنىڭ سەۋەبى دىققەت - ئېتىبارنىڭ، ھوشيارلىق، سەزگۈرلۈك ۋە ئاگاھلىقنىڭ يېتىشمەسلىكىدۇر ۋە بۇ كەمچىلىك قانچە چوڭ بولسا، مەدەنىيەت دەرىجىسىمۇ شۇنچىلىك تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە مۇستەقىل بىر تېما سۈپىتىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ھازىر بولسا بۇنىڭ ئىمكانى يوق.— ئېنگلىزچە نەشرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭ ئىزاھاتى). كۆرۈش ئارقىلىق كۈلۈش ۋە يىغلاش ئىمكانىيىتىمۇ روياپقا كېلىدۇ، بالا بۇنىڭغا قانچىلىك قادىر بولسا، ئۇ نۇرلارنىڭ قايتىشى ياردىمىدە يىغلاشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر نېمە بولدىمىكىن، دەپ ئويلايسىز .

بۇ ھەقتە رۇسسو شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر تەخمىنەن ئالتە ئايلىق بولغان بالىنىڭ قولىغا ئۇرسىڭىز ، ئۇ خۇددى قولى چوغقا تېگىپ كەتكەندەك، ۋارقىراپ تاشلايدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇ شۇ ئارقىلىق ئازار، ئەلەم، خاپىلىق چۈشەنچىسىنى نامايان قىلماقتا. ئادەتتە ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئەركىلىكنى چەكلەش ھەققىدە كۆپ گەپ قىلىدۇ. ئەگەر كىچىكىدىنلا بالىلارنىڭ ئەركىلىكى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، كېيىنچە ئۇنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەكچىمىز كى، بالىلار ۋارقىراپ، يىغلاش بىلەن ھەممە نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولغان چاغدا ئۇلارغا يول قويۇلماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا يول قويۇلغان بولسا، خاتانى تۈزەش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ.»

بالىنى جىم ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى روھىي ئۆزگىرىشلىرىگىمۇ قۇلاق سېلىش لازىم. بەزىدە شۇنداق ئاتا - ئانىلارمۇ ئۇچراپ تۇرۇدىكى، بالىسىنى ئاۋۋال شېپىق، نوتا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئۇرىدۇ - دە، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئادەت، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن بالا ھەييارلىق، مۇغەمبەرلىك، مۇناپىقلىق ۋە ساختىلىققا ئۆگىنىدۇ. بالا «سوۋغا»نى ئالغاندىن كېيىن يەنە قانداق يۈرەك بىلەن شۇ قولنى سۆيسۇن؟ ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

بوۋاقنى مېڭىشقا ئۆگىتىشتە ئادەتتە ئۈچ چاقلىق غالتەك ياكى ئىككى يەلكىسىدىن سىمغا تارتىپ قويۇلىدىغان تاسمىدىن پايدىلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق تاسمىلار بالا ئۈچۈن بەكمۇ زىيانلىق. بىر يازغۇچى كۆكرىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، تار كۆكرەك بولۇپ ئۆسكەنلىكىنىڭ ئەنە شۇنداق تاسمىلار سەۋەبلىك ئىكەنلىكىنى يازغانىكەن. چۈنكى تاسما بالىنىڭ كۆكرىكىنى دائىم قىسىپ تۇرىدۇ، بالا تېخى يۇمران، بۇ ھالەت ئۇنىڭ كۆكرىكىگە شەكلەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بالىلار مېڭىشقا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۆگەنگىنى ياخشى. ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۆيىنى يۇمشاق نەرسىلەر بىلەن قاپلاپ بەرسەك، مۇبادا بالا يىقىلسىمۇ يارىلانمايدۇ.

بالا كىچىكىدىن تارتىپ تۇرلۇك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا، ئوقۇشقا، يېزىشقا ۋە رەسىم سىزىشقا ئۆگىتىلسە، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلگەندەك بولاتتى. مەسىلەن، بالىنىڭ قورسىقى ئېچىپ، نان سورىسا، ئۇنىڭغا «قېنى، ئۇنى سىزىپ كۆرسىتەلەمسەن؟» دېيىلسە ئۇ شۈبھىسىز كى، ناننىڭ يۇمىلاق رەسىمىنى، ھەتتا «ن» ھەرپىنىمۇ سىزىپ كۆرسىتەلىشى مۇمكىن. شۇ تەرىقە بالا يېزىش، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپ ئاستا - ئاستا ئۆز «ئېلىپبە»سىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ. (بۇ يەردە كانت ھەربىر بالا بىر ئېلىپبەنى ئويلاپ تېپىشى، ئىختىرا قىلىشى، ئىجاد قىلىشى لازىم دېمەكچى ئەمەس، ئەلۋەتتە).

بالا تەربىيەسىدە ئۇنىڭ بوشاڭ، سۇس، ھۇرۇن، ئەركە ۋە تەنتەك بولۇشىغا زادى يول قويماسلىق لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى تاۋلاش، چېنىقتۇرۇش زۆرۈر. ئادەمدە ناچار ئادەتلەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقتىن شۇنچە مەھرۇم بولىدۇ. ئادەمىزاتمۇ باشقا بارچە مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش كىچىكىدىن بىر ئادەتكە ئۆگەندىمۇ، ئۇنىڭدىن قايتىشى، ساقلىنىشى ئىنتايىن تەس. بۇ مەسىلىدىمۇ بالىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ھوشيار بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا بارچە نەرسىلەرگە ئۆگىتىشنى، ئادەتلەندۈرۈشنى خالايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئاز ساندىكى ئادەملەر ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسان تەبىئىتى بارچە نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە قادىر ئەمەس. تەبىئەتتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە دەۋرىيلىك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . جۈملىدىن، ھايۋانلارمۇ مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەن. ئادەممۇ مەلۇم بىر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆگىنىشى

لازىم، شۇندىلا ئۇنىڭ تېنى ۋە ئورگانىزىم فۇنكسىيەسى بۇزۇلمايدۇ.

تاماقلىنىشقا كەلگەندە بالىلارنىڭ دائىم تاماق يېيىشكە بولغان مايىللىقىنى هايۋانلار بىلەن تەققاسلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بارچە ئوتخۇر هايۋانلارنىڭ ئوزۇقى تويۇملۇق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم ئوتلاش ئادەت تۇسىگە كىرگەن. لېكىن ئىنسان ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مەلۇم بىر ۋاقىتتا تاماقلىنىش پايدىلىقتۇر.

روھىي - مەنىۋى تەربىيەگە كەلسەك تەرتىپ - ئىنتىزام مەسىلىسىدە بالىغا نىسبەتەن قوللارچە مۇناسىۋەتتە بولماسلىق لازىم. ئەكسىچە، بالا هەمىشە ئۆز ئەركىنلىكىنى هېس قىلىپ تۇرۇشى زۆرۈر. قىسمەن ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ بارچە ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى سەۋر - تاقەت قىلىشقا ئۆگەتمەكچى بولۇشىدۇ. لېكىن بۇ نەق زۇلۇمنىڭ ئۆزىدۇر. ئەمما بىر نەرسىگە ئېتىبار بېرىش كېرەككى، بالا ئەگەر ۋارقىراپ، يىغلاپ بىر نېمە تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا باش ئەگمەسلىك كېرەك، مۇبادا سەمىمىي سورىغىدەك بولسا، ئىلتىماسىنى بېجىرىش ئاقىلانىلىك هېسابلىنىدۇ.

كۆپىنچە هاللاردا بالىلارغا ئېيتىلىۋاتقان: «ۋاي، قارا سېنى، ئۇيالماسمەن، بۇ نېمە قىلىق!» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. تۈنجى تەربىيە جەريانىدا بۇنداق تاپا - دەشنەملەرگە قىلچە يول قويماسلىق كېرەك. چۈنكى بالا تېخى ئۇيات ۋە ئۇيۇلۇش چۈشەنچىلىرىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا ئۇ تارتىنچاق بولۇپ قالىدۇ، باشقىلارنى كۆرگەندە خامۇشلىشىپ، ئادەملەردىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالىنى ئارتۇقچە سۆيۈپ ئەركىلىتىشمۇ ياخشى ئەمەس. بۇ ئۇنى جاهىل قىلىپ قويىدۇ. ئەكسىچە، يىغلاپ، ۋارقىراپ، هېچنەرسىگە ئېرىشەلمىسە تارتىنچاقلىقنى يېڭىشتۇرۇپ، دادىل، ئەركىن ۋە كەمتەر بولۇشقا ئىنتىلىدۇ.

ئادەمنىڭ زېئىپ، ئاجىزلىقى، خاتا ۋە كەمچىلىكلىرى ئۇنىڭغا هېچنەرسە ئۆگىتەلمىگەنلىكتە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ناتوغرا تەسىراتلار ئويغىتىلغانلىقى سەۋەبلىكتۇر. مەسىلەن، ئېنىكئانىلار بالىلارغا ئۆمۈچۈك، پاقا دېگەندەكلەرنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى قورقىتىدۇ. باللار بولسا باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش ئۆمۈچۈكلەرنىمۇ قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرگۈسى كېلىدۇ، بىراق ئېنىكئانىلار ئۆمۈچۈك هەققىدە باشقىچە تەسىرات ئويغاتقىنى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىدۇ. كۆپىنچە باللاردا مانا شۇ خىلدىكى مۇناسىۋەت بىر ئۆمۈر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەسلىدە ئۆمۈچۈكلەر پاشىلار ئۈچۈن خەۋپلىك، خالاس. چۈنكى ئۇلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، لېكىن ئادەم ئۈچۈن خەتەرلىك ئەمەس. ياكى پاقىنى ئالساقمۇ دەل شۇنداق زىيانسىز جانىۋارلاردۇر.

تەبىئىي تەربىيەنىڭ ئىجابىي قىسمى — مەدەنىيەتتۇر. شۇ جەھەتتىن ئادەم هايۋانلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. بۇ ئاساسەن، ئۇنىڭدىكى روھىي كۈچ - قۇۋۋەتنى مەشىق قىلدۇرۇشقا باغلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىنى تۈرلۈك ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەردىن ئىلاجى بار يىراقراق ساقلاپ، ئۇلارغا تەبىئىي شارائىتلار يارىتىپ بېرىشى زۆرۈر. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، مېڭىشنى ئۆگىتىشتە غالتەك ۋە تاسمىدىن پايدىلىنىش ئورنىغا، بالىنىڭ تەبىئىي رەۋىشتە ئۆمىلىشىنى تەمىنلەش دېگەندەك. هەقىقەتەنمۇ ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر بالىنىڭ تەبىئىي هەرىكىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئادەتتە، بىرەر مۇساپىنى ئۆلچەش ئۈچۈن تاناپ كېرەك بولىدۇ، ئەسلىدە بۇنى مۆلچەر ئارقىلىقمۇ پەملىگىلى بولۇشى مۇمكىن. سائەت ئورنىغا قۇياشنىڭ جايلىشىش هالىتىگە قاراپ، ئورماندا بولسا كومپاس ئورنىغا كۈندۈزى قۇياشنىڭ، بولسا يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىش هالەتلىرىگە قاراپ، نىشاننى مۆلچەرلىسە بولىدۇ. سۇدا قېيىق بىلەن سەيلە قىلىش ئورنىغا سۇ ئۈزۈش ناهايىتى پايدىلىقتۇر، چۈنكى بالا پۇت - قوللار بىلەن ئىشلەشنىمۇ ئۆگىنىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەشهۇر پرانكلىن هەر بىر ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە هۇرۇرلۇق ۋە پايدىلىق مەشغۇلات — سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە كىرىشمەسلىكىدىن ناهايىتى تەئەججۈپلەنگەنىكەن.

تەبىئىي تەربىيەدە كۆپىنچە هاللاردا بالىنىڭ ئۆزى ئۆزىگە ياردەم قىلىدۇ: يەنى، ئەپچىللىك، چاققانلىق، ئىلداملىق، تېزلىك دېگەندەك كۆنۈكمىلەر ئارقىلىق. جۈملىدىن، مېڭىش بەكمۇ پايدىلىق هەرىكەت بولۇپ، بەدەننى مۇستەهكەملەشكە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى سەكرەش، كۆتۈرۈش، ئېتىش، ئىرغىتىش، چېلىشىش قاتارلىق مەشىق هەمدە باشقا ئويۇن تۈرلىرىمۇ بالا تەربىيەسىدە مۇهىم رول ئوينايدۇ.

ئومۇمەن، بالىلارنىڭ ئويۇن تۈرلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنى هەممە يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن. پىلدىراق ئويۇنى ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ هەتتا ئەڭ مۇهىم ئەسەر ۋە ئىختىرالارنىڭ يارىتىلىشىغىمۇ سەۋەب بولغانىكەن. مەسىلەن، زېگنېر پىلدىراق ئويۇنى هەققىدىكى بەس - مۇنازىرىگە ماۋزۇ بولغان ئەسەر يازغان. ئىنگلىز كېمە كاپىتانلىرىدىن بىرى پىلدىراق ئەينەك ئىختىرا قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بەرگەن. ئۇ ئۇشبۇ كۆزگۈدىن كېمىدە يۇلتۇزلارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەشتە پايدىلانغان.

باللار شاۋقۇن هاسىل قىلىدىغان ئەسۋابلار، مەسىلەن، كاناي، بارابان دېگەندەكلەردىن يىراقراق يۈرگىنى ياخشى. بۇنىڭ ئورنىغا، قومۇشتىن نەي ياساپ چېلىشنى ئۆگەنسە ياخشىراق بولىدۇ. ئىلاڭگۈچ ئۈچۈشمۇ ئىنتايىن پايدىلىق. بۇنى هەتتا چوڭ ياشتىكى كىشىلەرگىمۇ تەۋسىيە قىلىش مۇمكىن. باللار ئىلاڭگۈچ ئۇچقاندا بىخەتەرلىكى ئۈچۈن چوڭلارنىڭ نازارىتىدە بولۇشى كېرەك.

(ئاپتورنىڭ «پېداگوگىكا توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدىن ئامىنە ئەخمەت تەرجىمىسى)

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: rozimuhemmet@qashtash.com

www.uyghurkitap.com



# چۈشۈمدىكى ئاتام

(ھېكايە)

◉ ئۆمەرجان سىدىق



ئاپتوبۇس ئىشىكى ئالدىدا ئۆرە تۇراتتىم، قىزىم بىلەن ئايالىم ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئاپتوبۇس بىر خىل رىتىمدا كېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس ئىچى گىرىمسەن يورۇق بولۇپ، تاڭ ئېتىۋاتقان پەيت بولسا كېرەك. قىزىم يېنىمغا كېلىپ:

— ئاتا نەدە چۈشىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— يەنە بىر ئاز ماڭايلى قىزىم، يەيدىغان، ئىچىدىغىنى، ئولتۇرىدىغان ئەدىيالنى ئېلىۋالغاندىكىن قەيەردىلا چۈشسەك بولىدۇ، — دېدىم.

بىر چاغدا ئاپتوبۇس سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ توختىدى. شوپۇر ۋەلى ئاكام ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ياندىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىنى چېكىپ ئۆي ئىگىلىرىنى چاقىرىشقا باشلىدى:

— قوپۇڭلا، قوپۇڭلا ئاپتوبۇس كەلدى، ئالدام ماشىنىغا چىقىڭلار، ماڭىمىز!

ھە، ئەسلىدە بۇ مەھەللىمىزنىڭ ئاپتوبۇسكەنغۇ! مەھەللىگە كەپقاپتۇق ئەمەسمۇ! مەھەللىمىزنىڭ بۇ ئاپتوبۇسى ھەر كۈنى قاق سەھەردە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقاتتى، مەھەللىمىزدىكى ئۇزۇن يىللىق شوپۇر ۋەلى ئاكام قوشنا مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئاپتوبۇسنىڭ كانىيىنى بولۇشىچە ياڭرىتىپ، شەھەرگە كىرمەكچى بولغانلارنى ئويغىتىپ ئېلىپ ماڭاتتى. شۇڭا بىز شوپۇر ۋەلى ئاكامنى «ۋەلى كاناي» دەپ ئاتىۋالغانىدۇق. بەزى ئەنسىز كىشىلەر ئاخشىمى ۋەلى كانىينىڭ ئۆيىگە كىرىپ: «ئەتە بىز بازارغا بارىمىز، بىزنى ئۇنتۇپ قالماي ئېلىۋال جۇمۇ» دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى، ئىشقىلىپ مەھەللىدىكىلەر ئەتىسى كىملەر بازارغا بارىدۇ خەۋەر تېپىپ تۇراتتى، شۇڭا ۋەلى ئاكام ئاپتوبۇسنى ھەيدەپ سەھەردە ئىشىك چېكىپ، بازارغا بارىدىغانلارنى ئېلىپ ماڭاتتى. مەن ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم، «ۋوي، ۋەلى ئاكامنىڭ ئويغىتىۋاتقىنى بىزنىڭ قوشنىمىز كەنغۇ»، ئۇ قوشنىمىز ساتتار ئاكامنىڭ كوچىغا قارىغان دېرىزىسىدىن بېشىنى تىقىپ بالىلىرىنى ئويغىتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بىزنىڭ چوڭ ئۆيىمىز ئىدى. مەن ئاپتوبۇس ئىچىگە قاراپ بالىلىرىمغا:

— تېز چۈشۈڭلار، مەنزىلگە كەلدۇق، — دېدىم.

ئەتراپ گىرىمسەن يورۇپ تۇراتتى، مەن ئۆيىمىز تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، ئىككى ئايلام، سىڭلىم كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، گىرىمسەن يورۇقتا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار ئۆيلەر، يولغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈجمىلەر، ئوخشاش قالقانلىق ھويلا تاملىرى، ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئېگىز دەرۋازىلار

غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مانا بۇ بىز بەش پەرزەنت چوڭ بولغان سەھرادىكى ئۆيىمىز، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا ماكانىمىز ئىدى، بەش پەرزەنت ئۇچۇرما بولۇپ ھەر تەرەپلەرگە ئۇچۇپ كەتكەن، ئۆيىمىزگە كېلىش پۇرسىتىمىزمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، ئىلگىرىكى ئېگىز قورۇ تاملىرىمىز بەلگىچە، تىزغىچە كېلىدىغان پاكار ئېگىز - پەس تاملارغا ئۆزگىرىپ قالغانىدى، تاملارنىڭ ئۈستىدە ئېتىزلىقنى ئوتاپ ئەكېلىپ قويغان ئوت - چۆپلەر سولىشىپ، سارغىيىپ قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى، تاملار پاكار بولسىمۇ ئېگىز دەرۋازىمىز ئۆز پېتى ئىدى. دەرۋازىدىن كىردۇق، ھويلىدىمۇ ئېتىزلىقنى ئوتاپ ئەكېلىپ قويغان پايزا، يۆگەي، بۇيا دېگەندەك ئوت - چۆپلەر ھەر يەردە سارغىيىپ قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى. بىر يەردە قىزىل ساپلىق ئۇزۇم تېلى قايچىسى، بىر يەردە ئامبۇرمۇ ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا سەلتەنەت سۈرگەن، ھايات قاينىغان ھويلىمىزنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ بولۇپ، ھەممە يەرنى ۋەيرانچىلىق قاپلىغانىدى. كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. ئاپام قازا قىلغاندىن كېيىن بىز ئاتامغا مۇۋاپىق ھەمراھ تېپىپ ئۆيلەپ قويغانىدۇق، ئەپسۇس ئاتام ئۇ ئايال بىلەن ئۇزاق ئۆي تۇتمايلا «مىجەزىمىز كېلىشەلمىدى» دەپ ئاجرىشىپ كەتتى، يەنە بىرەر لايىق تېپىشنى ئېيتساق قەتئىي ئۇنىمىدى. بىز ئاتامنى شەھەردىكى ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ نۆۋەتلىشىپ قارىدۇق، تالىشىپ تۇرۇپ باقتۇق. بىراق، ئاتام يەنىلا شەھەرگە كۆنەلمىدى، ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي يېزىدىكى ئۆيگە كېلىۋالدى. بىز ھەممىمىز شەھەردە ئىشلەۋاتقاچقا يېزىدىكى ئۆيىمىزگە كېلىپ ئاتامغا ھەمراھ بولۇشقا ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى مەھەللىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار ئاتامغا يالغۇزلۇقنى بىلدۈرمەي ئۆز ئائىلە كىشىسىدەك ياخشى قاراپ كېلىۋاتاتتى، ھەر كۈنى قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئاتامغا تاماق سۇناتتى، ياكى ئۆيىگە چاقىراتتى، كېچىدە بالىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئاتامغا ھەمراھ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئاتامدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىمىز سۇ ئىدى.

ئوڭ تەرەپتىكى ئىچكىرى، تاشقىرىلىق ئۆيدە ئاتام تۇرۇۋاتاتتى. تاشقارىقى ئۆينىڭ ئىشىكى ھاڭگىرقاي ئوچۇق بولۇپ چىراغ ئۆچۈك ئىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن سۇس چىراغ نۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردىم. بۇ ياغاچ كاتلىق ئۆي بولۇپ، كاتنىڭ ھەممە يېرىدە كىيىم - كېچەكلەر قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى، كىچىك ۋاتلىق لامپۇچكا ئۆينى قىزغۇچ يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاتام كاتنىڭ ئوڭ تەرەپ تامغا يېقىنراق يەردە ئېگىز ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ ئوڭدىسىغا مۆكدەپ ياتاتتى. ياداڭغۇ چىرايىنى قورۇقلا قاپلىغان، ساقاللىرى سەل ئۆسۈپ قالغان، بېشىدا قىزىل دۇخاۋا دوپپىسى بار ئىدى، ئاتام يېتىۋالغان چاغلاردىمۇ: «يالاڭباشتاق يۈرسەم يامان بولىدۇ» دەپ دوپپىسنى ئالمايتتى ياكى شاپاق بۆك كىيىۋېلىپ ئۇخلايتتى. ئۆپكەم ئۆرلۈپ كۆزۈمدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلدى، كاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، «ئاتا» دەپ نالە قىلغىنىمچە ئاتامنىڭ قولىنى تۇتتۇم. ئاتام ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ئوڭ قولىغا تايىنىپ ئۆرە بولماقچى بولدى. ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئاتامنىڭ مېڭىسىگە يېنىك دەرىجىدە قان چۈشۈپ ئوپېراتسىيە قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن سول تەرەپنى سەل ئاۋايلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن بىمالال چىقالايتتى. دەرھال ئاتامنىڭ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرۇشىغا ياردەملەشتىم. «ئاتا، مەن كەلدىم» مەن ھېقىلداپ يىغلىغىنىمچە ئاتامنى قۇچاقلىدىم، ئاتام قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ماڭا مېھرى بىلەن تىكىپ ئۇمچەيگىنىچە كۈچسىز قوللىرى بىلەن مېنى قۇچاقلىدى. «ئاتا....» ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ بوغۇلۇپ يىغلىدىم، لېكىن نېمە ئىش بولدىكىن كانىيىمدىن تاۋۇش چىقمىدى، گېلىم پۈتۈپ قالغاندەك ئاۋازىم سىرتقا چىقمىدى. «ئاتا بىز كەلدۇق، قارا ھەممىمىز كەلدۇق...» ئاۋازىم يەنىلا چىقمىدى، شۇنداقتىمۇ ئاتامغا كەينىمدىكىلەرنى — ئاچا-سىڭىللىرىمنى كۆرسەتتىم، بىراق ئۇلار تاپىسدا كۆرۈنمەيتتى، ئۆيدە يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ يەنىلا ئاتامغا: «ئاتا، ئايلىلىرىم، سىڭلىم ھەممەيلەن كەلدۇق قارا..» دەپ يەنە كەينىمگە قارىدىم، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆيدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، كىچىك ئايلام ئاستىغا قارا ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ، ئىشتان ئايلامغا چىڭ كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇلارمۇ تەڭلا: «ئاتا...»دەپ يىغلاپ كېتىشتى... ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، خۇنەن چاڭشادىكى ئۆيۈمدە يالغۇز ياتاتتىم، كۆزلىرىم ياش يۇقى ئىدى، سىرت گىرىمسەن يورۇق بولۇپ تاڭ سەھەر پەيتىمۇ ياكى گۇگۇم چۈشۈۋاتامدۇ ئاڭقىرالمىدىم. «بۇ يات شەھەرگە بىر يىللىق خىزمەتكە كېلىپ، ئون نەچچە يىل بۇرۇن قازا قىلغان مەرھۇم ئاتامنى، ئۆيۈمدىكىلەرنى، قېرىنداشلىرىمنى سېغىنىپتىمەن-دە!

2016 - يىلى 1 - ئىيۇل چاڭشا

(ئاپتور: تۇرپان شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى)

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@126.com





سۆزۈڭنى قىل ئويلان غېمىڭ ئاشمىغاي، زايە قىلما ۋاقتىڭ پۇشمان بولمىغاي.



تەن ساقلىق جان راھىتى، ئىناقلىق كۆڭۈل راھىتى.



ئاتاڭ ئۈچۈن بېشىڭنى پىدا قىل، ئاناڭ ئۈچۈن ۋۇجۇدۇڭنى سەدىقە قىل، بۇ ئىككىسىنى كېچە بىلەن كۈندۈزنى يورۇتقۇچى ئاي قۇياش دەپ بىل - ناۋائى



چىچەن ھەم بىلىملىك بولغاندا ئادەم، ئېرىشكەي ھەر ئىشتا ئۇتۇقا ھەردەم.






تويلۇق ®
TOYLUK
ھەر كۈنىڭىز تويدەك ئۆتسۇن،
ھەر كىيگىنىڭىز تويلۇق بولسۇن.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى ئىتتىپاق